دوكتۇر ئەركىن ئەمەت

# 5-ئىيۇل

# ئۈرۈمچى قەتلىئامى ۋە شەرقىي تۈركىستان



# 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى ۋە شەرقىي تۈركىستان

دوكتۇر. ئەركىن ئەمەت

2009ـيىلى، ئەنقەرە

مەزكۇر كىتابىمنى11 يىلدىن بېرى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالماي كېلىۋاتقان قەدىردان ئانام ئايشەم ساۋۇتقا بېغىشلايمەن!

## كىرىش سۆز

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈستىدە بىرەر تەتقىقات ئەسىرى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ كېلىۋاتاتتىم. لېكىن 2009-يىلى 5-ئىيۇلدا ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلگەن قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن تەتقىقات تېمامنى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان دېگەن نامغا ئۆزگەرتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەزكۇر ئەسەر، 2000-ئېتىبارەن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشىمنىڭ ۋە ئەتراپلىق تەتقىقاتلىرىمنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تاللىشىمغا مۇنۇ بىر نەچچە خىل ئامىل تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. مەنىۋى مەسئۇلىيەت، شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشۇم، قانلىق ۋەقەلەرنىڭ تەسىرىنى بىۋاستە ھېس قىلغان بىرى بولۇشتىن كەلگەن چوڭقۇر ئېشەنچ.

1950-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈستىدە مەيلى تۈركىيەدە بولسۇن، مەيلى غەرب دۆلەتلىرىدە بولسۇن ۋەياكى ئامېرىكىدا بولسۇن بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار، ئەلۋەتتە. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خىزمەتلەر ھەققىي مەنىدە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن باشلانغان، دېيىشكە بولىدۇ. بىراق كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى بولۇپمۇ 1990- يىلدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە يېزىلغان ئەتراپلىق بىرەر ئىلمىي ئەسەر روياپقا چىقمىدى.

شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي خىزمەتلەر ئاساسەن ئەسلىمىلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىش تەرىقىسىدە بولۇپ كەلدى. 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن كۈنىمىزگىچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تېما قىلغان ئەسەرلەرمۇ بايان تەرىقىسىدە يېزىلغان. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى تېما قىلغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەر، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقىشىمىزدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئەتراپلىق ھالدا تەتقىق قىلىنمىدى، شۇڭا بۇ سەلبىي ئەھۋال شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەر جەھەتتىن چۈشىنىشىمىزگە زور توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، دۇنيا دۆلەتلىرى ۋە خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەزكۇر مەسىلىگە بولغان قارىشىنى ھەر جەھەتتىن ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەر ھازىرغىچە روياپقا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى.

ياقۇپ بەگ 1877-يىلى ماي ئېيىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، 1863-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان بەدۆلەت يىقىلدى، خىتايلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، زور قوشۇن باشلاپ كېلىپ 1878-يىلى 16-مايدا شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. بىر مەزگىل زوزۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى ئارمىيە تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان، 1884-يىلى 18-نويابىر خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىتاينىڭ 19-ئۆلكىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ («يېڭى زېمىن») نامىدا بىۋاستە خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى. ئۇ كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ كىچىك بولۇپ جەمئىي 200 ئەتراپىدا قوزغىلاڭ

كۆتۈرۈلدى، 3 قېتىم مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇلدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ تارىخىي ۋەقەلەر دۇنيا دۆلەتلىرىگە نىسبەتەن يېتەرلىك دەرىجىدە ئايدىڭلاشمىدى. 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن قانلىق ۋەقەلەر ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭلىرىدىن بىرى بولۇپ، دۇنيا كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئالدى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ قانلىق ۋەقەگە تۇتقان پوزىتسىيەسى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. خىتاي بىر پارتىيەلىك دىكتاتورلۇق تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقان دۆلەت بولغاچقا، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ھەققىي ماھىيىتى ھېلىھەم ئاشكارىلانماي يېپىق ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەزكۇر ئەسەرىمدە ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتىم. 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرنى ھەر جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرۈشكە چامىمنىڭ يېتىشىچە ئۇرۇنۇپ باقتىم.

ئەسەر مۇقەددىمە قىسمى بولۇپ جەمئىي 7 بابتىن تەشكىل تاپىدۇ:

مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى. مەزكۇر قىسمىدا، يەنە شەرقىي تۈركىستانلىقلار «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى»، خىتايلار بولسا «5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى» دەپ تەرىپلىگەن قانلىق ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى مەخسۇس چۈشەندۈرۈلدى.

بىرىنچى بابتا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قىسقىچە تارىخىي، ھازىرقى نوپۇس قۇرۇلمىسى، دىنى قۇرۇلمىسى، ئىدارە تۈزۈمى ۋە ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلدى.

ئىككىنچى بابتا، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ ھەققىي ماھىيىتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر ۋەقە توغرۇلۇق ئېلان قىلغان باياناتى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خىتاينىڭ باياناتىغا بەرگەن جاۋابى تىما قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرى، جۈملىدىن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىنكاسلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭغا قايتۇرغان ئىنكاسلىرى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش مىنىستىرى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغاننىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسى بىلەن خىتاينىڭ باش مىنىستىر ئەردوغاننىڭ باياناتىغا قارىتا قايتۇرغان ئىنكاسى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىندى.

ئۈچىنچى بابتا، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۆزگىرىشلەرگە ئورۇن بېرىلدى. مەزكۇر بابتا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 36 /98 نومۇرلۇق شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەخپىي ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ياپونىيە ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بارغان ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئارقا-ئارقىدىن ئىجرا قىلغان ئۆلۈم جازالىرى، سەۋەبسىز قولغا ئېلىشلىرى ۋە ھەقسىز جازالاشلىرى قەلەمگە ئېلىنغاندىن سىرت، مەزكۇر ۋەقەنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە

كۆرسەتكەن تەسرى ۋە ۋەقەدىن كېيىن ئىككى مىللەت مۇناسىۋىتىنىڭ قايسى يۆلىنىشكە قاراپ ماڭغانلىقى قەيت قىلىندى.

تۆتىنچى بابتا، ھازىرقىدەك ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى تېما قىلىندى، بولۇپمۇ كېيىنكى 60 يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر تەپسىلىي بايان قىلىندى. بۇ يەردە بارىن ۋە غۇلجا قوزغىلاڭلىرى بىلەن خىتاينىڭ بۇ قوزغىلاڭلارنى قانداق باستۇرغانلىقى شاھىتلارنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن چۈشەندۈرۈلدى. بۇ بابتا يەنە، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن بىرى بولغان تىل سىياسىتى تەپسىلىي بايان قىلىندى.

بەشىنچى بابتا، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تارىخىي قىسقىچە بايان قىلىندى. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ چەتئەلدە قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى، تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ۋەزىيىتى چۈشەندۈرۈلدى. چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ كەلمەكچى بولغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ قانداق قىلىپ خەلقئارالاشقانلىقىغا ئورۇن بېرىلدى. بۇ يەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ دۇنيا كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئېلىشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ قايسىلار ئىكەنلىكى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى بايان قىلىندى.

ئالتىنچى بابتا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ۋە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ شاھىتلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت خاتىرىمىزگە ئورۇن ئاجرىتىلدى.


ئەسەرنىڭ تېمىسىنى تاللىغاندىن تارتىپ تاھ ئاخىرلاشقىچە ماڭا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن ھۆرمەتلىك ئۇستازىم پىروفېسسور دوكتۇر سەما بارۇتچۇ ئۆزۈندەرگە، قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئايماي سەممىي مەسلىھەت بەرگەن قەدىناس دوستۇم دوتسېنت دوكتۇر ئەركىن ئەكرەمگە ۋە قەدىردان ئوقۇغۇچۇم ئەسرا قاراپولاتقا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

*ئەركىن ئەمەت/2009-يىل، ئەنقەرە*

**ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان**

ھېلىھەم جۇڭگونىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان، ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، تۈركىي مىللەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتە قۇرغان دۆلەتلىرى، كۈچلۈك ئىقتىسادىي، ياراتقان مەدەنىيىتى، ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىق تىلى بىلەن ياراتقان ئەدەبىياتى كۆپلىگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز دىئالېكتىكىسىغا تايانغان ئەدەبىي تىلى، ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر نامى، تۈركچە مەنبەلەردە ۋە ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا تۇنجى بولۇپ 716-يىلىدىكى زور ۋەقەلەر ئەسناسىدا، ئۇيغۇر ئىلتەبىرىنىڭ نامى ۋاستىسى بىلەن قەيت قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار، كۆك تۈرك ھاكىمىيىتىنى ئىېتىراپ قىلىشنى خالىماي، كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ شەرقىگە، خىتاي چېگرىسىنىڭ شەرقىي قىچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.




خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر نامى خۇيخۇ، خۇيخې، ۋېيخۇ، ۋېيۋۇ قاتارلىق ئوخشىمىغان شەكىللەردە قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، 1283نومۇرلۇق پېللوت خەت نۇسخىلىرىدا، 787- ۋە 843-يىللىرى ئارىسىدا تىبەتكە بارغان بەش نەپەر ئۇيغۇر ئەلچىسىنىڭ دوكلاتى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئۇيغۇر نامى تىبەتچىدە خو-يو-خور شەكلىدە يېزىلغان. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ھەر خىل ئىپادىلەر ئۇيغۇر نامىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر نامىنىڭ مەنىسى ۋە ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئۇيغۇر نامى يەنە، «بۇركۇتتەك تېز سۈرئەتتە ھۇجۇم قىلىدىغان ئورمان خەلقى»، «كىچىك جىلغا، ئازگال» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا دائىر قاراشلارمۇ بار. نېمەتنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر نامى، ئۇي- «ماسلاشماق، تەقىب قىلماق» پېئىلىدىن تۈرلەنگەن. ئەبۇلغازى باھادىر خانمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى «ماسلاشماق، يېپىشماق» پېئىلىغا باغلايدۇ. مەھمۇت قەشقىرى «ئۆزىگە يېتىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مەزكۇر كەلىمىنىڭ ئومۇمەن، ئۇي+غۇر شەكلىدە تەرەققىي قىلغانلىقى، «ئۇرۇق-تۇغقان، ئىتتىپاقداش» مەنىسىنىڭ بارلىقىنى، ئون ئۇيغۇر نامىنىڭمۇ «ئون ئىتتىپاقداش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىغا دائىر قاراشلار مەۋجۇت.

خىتاي مەنبەلىرىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك تۈركلەرگە ئوخشاش ھۇنلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئورتاق قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك تۈركلەرگە ئوخشاش بۆرىدىن تۆرەلگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇيغۇرلارنىڭ دەرەختىن تۆرەلگەنلىكىگە دائىر ئەپسانىلەرمۇ مەۋجۇت . ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئەڭ قەدىمىي ئىزنالارنىڭ مىلادىن ئىلگىرى 176-يىلى ۋە 43-يىللىرىدا ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى خارابىلاردا بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

تۈرك تابغاچ خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار گاۋچې نامى بىلەن ئاتىلاتتى . كېيىنچە، تۆلۈسلەرنىڭ بىر قەبىلىسى سۈپىتىدە ئاتالغان . بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسلام جۇغراپىيەچىلىرى، توققۇز ئوغۇزلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئوخشاش، دەپ قارىغان.

ھازىرمۇ مەۋجۇت بولغان قارابالاساغۇن مەڭگۈ تېشىنىڭ خىتايچە قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى قەيت قىلىنىدۇ ، لېكىن بۇ «توققۇز ئائىلە»نىڭ نامى تەپسىلىي بايان قىلىنمايدۇ. خىتاي مەنبەلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن توققۇز ئائىلىنى تىزىپ چىقساق رەت تەرتىپى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ: 1-يۈې-لو-كو (ياغلاقار)، 2-خۇ-تو-كو (ئۇتۇركار)، 3-تو-لو-ۋۇ/خو (كۆرەبىر)، 4-مو-كو-سى-كى (با-قاسقىر)، 5-ئا-ۋۇ-تى (ئەبىرچەگ)، 6-كو-سا (كاسار)، 7-خۇ-ۋۇ-سۇ. 8-يۈې-ۋۇ-كۇ (ياغمۇركار)، 9-خى-يې-ۋۇ (ئايمۇر/.ئەيمۈر) . بۇلارغا ياغلاقار باشچىلىق قىلاتتى.

ئۇيغۇر نامىنىڭ سىياسىي نامدىن بەكرەك، قەبىلە ۋە رايون نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر قاراشلارمۇ مەۋجۇت . كۆكتۈركچە ئابىدىلەر ۋە خىتايچە مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ سەھنەسىگە تۇنجى بولۇپ چىققان يېرى سېلېنگا دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسىملىرى ئىكەن.

ھۇن ئىمپېرىيەسىدىن كېيىن خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىدۇ، خىتاينىڭ بۇ قېتىمقى ئىستىلاسى مىلادىن كېيىن 93-يىلدىن 121-يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. مىلادى 121-يىلىدا شەرقىي تۈركىستاندا كۇشان ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ 220-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرىدۇ. كۇشان دۆلىتى يىقىلىپ 360-يىلىغا كەلگۈچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ياركەنت (يەكەن)، لوپ، خوتەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولىدۇ. بۇ مەزگىلدىن ئېتىبارەن، شەرقىي تۈركىستاندا شىيەنبى، توبا، جۇجەن، كۆك تۈرك، تۈرگىش،

ئۇيغۇر، قارلۇق، قاراخانىلار ۋە قاراختاي، چىڭگىزخان، چاغاتاي ۋە سەئىدىيە خانلىقلىرى (ياركەنت خانلىقى)، جۇڭغارىيە دۆلىتى ئايرىم-ئايرىم ھۆكۈم سۈردى.

### 150 يىللىق ئىشغالىيەت مەزگىلى

قالماقلار 1674-يىلى تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى قاتارلىق رايونلاردا جۇڭغارىيە دۆلىتىنى قۇردى. 1679-يىلدىن كېيىن 18 يىل بويىچە مەزكۇر دۆلەت رايوننىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈم سۈردى. قالماقلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر، ئاساسەن يەرلىك خاقان سالاھىيىتىدىكى خوجىلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋرلەر «خوجىلار دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خوجىلاردىن كېيىنمۇ ، رايوندا قالايمىقانچىلىق قەتئىي بېسىقمايدۇ. 1864-يىلى دېكابىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، سىدىق بەي قىپچاق ئىسيان كۆتۈرۈپ، يېڭىھىسار ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، قوقەنت خانى خۇدايار خانغا بەيئەت قىلىدۇ. (رەسىم بار)



بۇنىڭغا قارىتا خۇدايار خان، بۇزرۇك خان تۆرىنى قەشقەر ھۆكۈمدارى، ياقۇپ بەگنى باش قوماندان قىلىپ قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. سىدىق بەگ خۇدايار خاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغاچقا، دەرھال بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، نەتىجىدە قەشقەر بىۋاستە قوقەنتكە باغلىنىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەكەنمۇ خانلىقنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، رۇسىيە غەربىي تۈركىستان ئىستېلا قىلىدۇ، نەتىجىدە قەشقەرگە كۆچمەنلەر ياغىدۇ. بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ئەسناسىدا، 1865-يىلى ياقۇپ بەگ قەشقەر ھۆكۈمدارىنى يېڭىپ، قوقەنت خانلىقنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلاپ، ئاتلىق غازى بەدۆلەت ياقۇپ بەگ ئۇنۋانى بىلەن قەشقەر ۋە يەكەن ھۆكۈمدارى بولىدۇ. ياقۇپ بەگ 1866-يىلى خوتەننى، 1967-يىلى كۇچانى، 1968-يىلى تۇرپان، ئۈرۈمچى ۋە قۇمۇلنى قولغا كىرگۈزۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

بۇ جەريانىدا ئىنگلىزلار ياقۇپ بەگنى باشتىن-ئاخىر كۆزىتىدۇ. (رەسىم بار).



1868-يىلى ئىنگلىزلاردىن تەشكىل تاپقان بىر سودا ھەيئىتى قەشقەرگە كېلىپ، ياقۇپ بەگ بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. ياقۇپ بەگ بىر تەرەپتىن ئىنگلىزلار بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا كۈچىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى دەۋىردىكى ئوسمانلى پادىشاھى ئابدۇلئەزىزگە ئوغلى سەيىد ياقۇپ خان تۆرە (خوجا تۆرە)نى ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. خوجا تۆرە، تۈركىستانىنىڭ ئومۇمي ۋەزىيىتىدە ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلتانىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پادىشاھ خوجا تۆرىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىر كېمە بىلەن قورال ۋە ئەسكەر ياردەم قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدىن ئېتىبارەن، ياقۇپ بەگ سۇلتانىنىڭ ئۆزىگە ئىلتىپات قىلغان ئۇنۋانى بويىچە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى زېمىنلاردا خۇتپىنى پادىشاھ ئابدۇلئەزىز نامىغا ئوقۇتىدۇ، نامىغا يەنە پۇل باستۇرىدۇ.

ياقۇپ بەگ پېتېرسبۇرگقا ئەلچى ئەۋەتىپ رۇسىيە بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، خىتايغا قارشى رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتلىك سىياسەت يولغا قويۇش ئارقىلىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ياقۇپ بەگ، تولىمۇ ئەپسۇسكى، 1877-يىلى مايدا ۋاپات بولىدۇ. خىتايلار بۇ پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەي 1878-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستان خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر مۇددەت زو زۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان، 1884-يىلى 18-نويابىردا، خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، خىتاينىڭ 19-ئۆلكىسى بولۇپ شىنجاڭ («يېڭى زېمىن») دېگەن نام ئاستىدا بىۋاستە ئىمپېراتورلۇققا باغلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1911-يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ يىلى خىتايدا ھۆكۈمران سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغان ئىدى. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت شەرقىي تۈركىستاننى پەقەت قەغەز يۈزىدىلا يەنى شەكلىي

جەھەتتىنلا ئىدارە قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەرلىك «ھۆكۈمدارلار» مەركەزنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلاتتى. ھەتتا چەت دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە كېلىشىم تۈزەلەيتتى. بۇ يەردە شۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم، بۇ مەزگىلدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك «ھۆكۈمدارلار»نىڭ خىتاي مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېسىمىزدىن ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

1930-يىللاردا يەرلىك «ھۆكۈمدارلار» خەلققە زۇلۇم قىلىپ ئەشەددىي چېكىدىن ئېشىپ ناھايىتى زالىملىشىپ كەتكەن ئىدى، خەلق بۇ زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ دەستىدىن جېنىدىن جاق تويىدۇ. نەتىجىدە تەرەپ-تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ قوزغىلاڭلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1931-يىلى ئاپرېلدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل قوزغىلىڭى،

1933-يىلى يانۋاردا مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن تۇرپان قوزغىلىڭى،

1933-يىلى فېۋرالدا مەھمەت ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن خوتەن قوزغىلىڭى،

بۇلاردىن باشقا، 1933-يىلى تارىم ھاۋزىسىدا تىمۇر ۋە ئوسمان قاتارلىق ئىككى ئەزىمەت باشچىلىقىدا، ئالتايدا شەرىف خان تۆرە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ قوزغىلاڭلار نەتىجە بېرىپ، ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلار ئاساسەن دېگۈدەك خىتايلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن تازىلىنىدۇ.

ئىنقىلابلارنىڭ تۇنجى ئوتى تۇتاشقان قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا، خىتاي مۇسۇلمانلىرىدىن قوماندان ما جۇڭيىڭ 1931-يىلى يۈزدەك پىداكار جەڭچىسى بىلەن قاتنىشىدۇ. لېكىن ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئىيۇلدا گەنسۇغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1931-يىلى سېنتەبىردە رۇسلار قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم قىلىشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار رەت قىلىدۇ. رۇسىيە قوزغىلاڭچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆكتەبىر ئېيىدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ «ھۆكۈمدارى» جىڭ شۇ رېن بىلەن مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھۆكۈمەت قىسىملىرىغا قورال ياردەم قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستانىنى تولۇق تىزگىنلىيەلمىگەن جىن شۇ رېن، 1933-يىلى ئاپرېلدا رۇسىيە ئارقىلىق خىتايغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاللات شىڭ شىسەي ئۆزىنى ھەربىي ھۆكۈمدار ئېلان قىلىپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۋالىدۇ.

1933-يىلى ماڭ جۇڭيىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، شۇ يىلى 16-ئىيۇندا خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ماڭ جۇڭيىڭ ھەربىي ھوقۇقنى تەلەپ قىلغاندا، خوجا نىياز بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ماڭ جۇڭيىڭ ئىنقىلاپچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ قولىدىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورا قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تارتىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رۇسىيە، خوجا نىياز ھاجىنى شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجى رۇسىيەنىڭ تەكلىپىگە ئىجابىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، 1933-يىلى شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. كېلىشىمدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي خوجا نىياز ھاجىغا، شىمالىي قىسمى بولسا شىڭ شىسەيگە تەۋە، دەپ بېكىتىلىدۇ. كېلىشىم ئۈرۈمچىدە ئىمزالىنىدۇ.

1933-يىلى 12-نويابىردا، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىدۇ. ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

جۇمھۇر رەئىس خوجا نىياز ھاجى

باش مىنىستىر سابىت داموللا ئابدۇلباقى

ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى گېنېرال مەھمۇت مۇھىتى

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سىپىزادە يۇنۇس بەگ

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىم جان

ۋەخپە ئىشلىرى مىنىستىرى شەمسىدىن تۇردى

مائارىپ مىنىستىرى ئابدۇلكېرىم مەختۇم

ئەدلىيە مىنىستىرى زېرىپ قارى

يېزا-ئىگىلىك ۋە سودا مىنىستىرى ئابدۇل ھۇسەيىن

مالىيە مىنىستىرى ئەلى ئاخۇن

ئوراز بېك

سەھىيە مىنىستىرى ئابدۇللاھ خانى

1934-يىلى يانۋاردا چۆچەك ۋە ئالتاي چېگرىسىدىن بېسىپ كىرگەن قىزىل ئارمىيە، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ماڭ جۇڭيىڭنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ئارىلىقتا، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە كەلگەن باش ئەلچى ئافسېرووف، خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ ھۆكۈمىتىنى تارقىتىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان خوجا نىيازھاجى، ئافسېرووف بىلەن بىرلىكتە قەشقەردىن ئايرىلىپ، ئۈرۈمچىدە مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۆشىكىدىلا يىقىلىدۇ.

1938-يىلى سېنتەبىردە شىڭ شىسەي، ستالىننىڭ ئالاھىدە مېھمىنى سۈپىتىدە موسكوۋا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست پارتىيەسىگە ئەزا بولىدۇ. 1937-يىلى ئاپرېلدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندىن كىيىن، خوجا نىياز ھاجى قولغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كىيىن شېرىپ خان تۆرە ۋە باشقا مۇجاھىتلار قاتتىق قىيىن-قىستاق بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇ يىلى بارىكۆل خەلقى تۆت قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. 1940-يىلى فېۋرالدا، 1941-يىلى ئىيۇندا ئالتاي خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلىدۇ.

شىڭ سىسەي بىر تەرەپتىن رۇسىيە بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خىتاي بىلەن مەخپىي تىل بىرىكتۈرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن شىڭ سىسەي خىتاينىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىغا ئالللىبۇرۇن قارارگاھ قۇرۇپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان خىتاي ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىدۇ، قىزىل ئارمىيە بولسا شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىللەتچى خىتاي ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا

قوشۇن ئەۋەتكەن ئىدى. خەلق ختاي ئىشغالىيىتىگە جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. رۇسيەمۇ خەلق قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاستىرتىن قوللايدۇ.






1944-يىلى سېنتەبىردە غۇلجىدا خەلق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ زور ئۇتۇققا ئېرىشىپ ئېلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ختاينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزىدۇ. 1944-يىلى 12-نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال شەرقىي تۈركىستان يېقىنقى زامان تارىخىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى. ھۆكۈمەت قۇرغۇچىلىرىنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

جۇمھۇر رەئىس ئەلى خان تۆرە

مۇئاۋىن جۇمھۇر رەئىس ھېكىم خوجا بەگ

باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ بەگ

مالىيە مىنىستىرى ئەنۋەر مۇساباي

مائارىپ مىنىستىرى سەيپىدىن ئەزىزى

سەھىيە مىنىستىرى مۇھەتتىن قانات

ئەدلىيە مىنىستىرى مەمەتجان مەختۇم

غۇلجىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇسلار قوزغىلاڭچىلارغا قورال-ياراق، ھەربىي ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلەر ئەۋەتىدۇ. رۇسيە بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، قوزغىلاڭچىلارنى ختاي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ختاي بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ كېتىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئۈچ ئەپەندى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مەھمەت ئىمىن بۇغرا ۋە مەسئۇت سابىرى قاتارلىق زاتلارنى ۋەكىل سۈپىتىدە تاللاپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىدۇ. ئۈچ ئەپەندى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىن بىر قاتار يىغىن ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۈچ ئەپەندى يىغىنلاردا، ھەققىي مەنىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ختايغا بېقىنغان ئاساستا بىر مىللىي مۇختارىيەت قۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيەسى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ توغرا يول بولىدىغانلىقىنى، ئەھۋال بىر مەزگىل

مۇشۇ پېتى داۋاملاشقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رۇسىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلىشىدۇ. ئۈچ ئەپەندى تەشكىللىگەن بۇ يىغىنلارغا ياشلار ناھايىتى ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر قاتار سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ . لېكىن كېلىشىمنى ئېتىراپ قىلمىغان ئەلى خان تۆرەم بىلەن بىر قانچە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى رۇسىيەگە ئېلىپ قېچىلىدۇ.

كېلىشىم نەتىجىسىدە، ئۈرۈمچىدە 15ى يەرلىك، 10ى خىتاي بولۇپ جەمئىي 15 كىشىلىك بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. خىتاي گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ھۆكۈمەت باشلىقى، رۇس تەرەپدارى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن ھۆكۈمەت باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. مەھمەت ئىمىن بۇغرا پاراۋانلىق مىنىستىرى، جانىم خان مالىيە مىنىستىرى، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋاكالەتسىز ئەزا، مەسئۇت سابرى بولسا باش تەپتىش سۈپىتىدە ھۆكۈمەتتىن ئورۇن ئالىدۇ .

خىتاي، ئىنقىلابچىلارنىڭ كونترۇللىقى ئاستىدىكى غۇلجا، ئالتاي ۋە تارباغاتاي قاتارلىق رۇسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ رايونلارنى تىزگىنلەشتىن ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا يولغا قويغان خىتايلاشتۇرۇش سىياستى، خەلقنى خىتايدىن نەپرەتلەندۈرۈپ رۇسىيەگە مايىللاشتۇرغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، مەسئۇت سابرىنى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مىللەتچىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. ھۆكۈمەتتىكى رۇس تەرەپدارلىرى بۇ ئەھۋالدىن نارازى بولۇپ، ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا بېرىپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆز مەيلى بويىچە ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا بەرمەيدۇ.

«مىللەتچى ھۆكۈمەت» ئالدى بىلەن تۈركلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى تۇتقا قىلىپ مائارىپ ساھەسىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال خىتاي بىلەن رۇسىيەنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ. 1948-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا «ۋەزىيە» مەقسىتى بىلەن تۇرۇۋاتقان خىتاي قوراللىق قىسىملىرى باش قوماندانى بىر خىتابنامە ئېلان قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ رۇسىيە تەرەپدارلىرىدىن تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلەپ تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ مەزگىلدە خىتايدا ماۋ زېدۇڭنىڭ مەشھۇر ئۇزۇن سەپىرى ئاخىرقى پەللىسىگە كېلىپ قالغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە، 1949-يىلى 1-يانۋاردا مەسئۇت سابرى بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا رۇسىيە چوماقچىسى بولغان كوممۇنىست بۇرھان شەھىدىنى تەيىنلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە خىتاي كوممۇنىستلىرى خىتاينى تامامەن چاڭگىلىغا ئېلىپ بولغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىغا ئەسكەر توپلىغان ئىدى. 1949-يىلى سېنتەبىردە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتچى خىتاي قوراللىق قىسىملىرى باش قوماندانى، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. نەتىجىدە، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى ھېچقانداق بىر ھەربىي قىسىم بىلەن تىركەشمەيلا، ئاسانلا شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈندىن

ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ زۇلمەت كۈنلىرى باشلىنىدۇ. قانچە ئون مىڭلىغان زىيالى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا، ئۇ كۈندىن باشلاپ تاھ ھازىرغىچە خىتايغا قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشى توختاۋسىز داۋاملىشىپ كەلدى. كۈرەش ئەڭ ئاخىرقى 5-ئەيۇن ئۈرۈمچى ۋەقەسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۈڭلاشقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىلدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىققا ئېرىشكۈچە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز.

### شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى

شەرقىي تۈركىستان، تۈركىستاننىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تۈركىستان غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن، شەرقتە ئالتاي تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا خوراسان، قارا قۇم تاغلىرىدىن، شىمالدا ئۇرال تاغلىرى بىلەن سىبىرىيىگىچە سوزۇلىدۇ. شەرقىي تۈركىستان تۈركىستاننىڭ شەرقىگە، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. جەنۇبتا پاكىستان، ھىندىستان، كەشمىر ۋە تىبەت، غەربىي جەنۇپ ۋە غەربتە ئافغانىستان ۋە غەربىي تۈركىستان، شىمالدا سىبىرىيە، شەرق ۋە شەرقىي شىمالدا خىتاي ۋە موڭغۇلىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

شەرقتە خىتاي ۋە موڭغۇلىيە، شىمالدا غەربىي تۈركىستان، غەربتە غەربىي تۈركىستان (قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان) بىلەن ئافغانىستان، جەنۇبتا كەشمىر ۋە تىبەت بىلەن قورشالغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپ قىسمى قاراقۇرۇم، تەڭرى تاغلىرى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي تاغ تىزمىلىرى، تەكلىماكان چۆلى بىلەن قاپلانغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۈنىمىزدىكى يەر مەيدانى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا، ئىلگىرىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1 مىليون 820 مىڭ كۋادارت كىلومېتىر ئىدى. جەنۇبتىكى كوئىنلۇن تاغلىرى، شەرقىي تۈركىستان بىلەن تىبەت ئارىسىدا پاسىل شەكىللەندۈرىدۇ، شىمالدىكى ئالتاي تاغلىرى بولسا شەرقىي تۈركىستان بىلەن موڭغۇلىيە، رۇسىيە ۋە قازاقىستان ئارىسىدا پاسىل شەكىللەندۈرىدۇ. تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1700 كىلومېتىر، كەڭلىكى 250دىن 300 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، تەڭرى تېغىنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشقان بولۇپ، جەنۇبتىن شەرىققە قاراپ سوزۇلىدۇ. تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن، تەبئىي مەنزىرىسى مىسلىسىز گۈزەل بولغان شەرقىي تۈركىستان، ھەيۋەتلىك تاغلار، پايانسىز چۆللەر، مۇنبەت يايلاقلار، كەڭ كەتكەن ئورمانلار بىلەن قاپلانغان.

كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولۇپ، كۆپ ساندا تۈركىي مىللەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەر بىرلىكتە ياشايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2005-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا (گەرچە ئاساسسىز بولسىمۇ) ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8.399.393 ئەتراپىدا بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 45.25%نى، خىتايلارنىڭ (خىتاي ئارمىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نوپۇسى 7.489.919 ئەتراپىدا بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 40.58%نى ، قازاقلارنىڭ نوپۇسى 1.250.458 ئەتراپىدا بولۇپ، .ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.74%نى تەشكىل قىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا يەنە 839.837 ئەتراپىدا تۇڭگان (خىتاي

مۇسۇلمانلىرى)، 149.857 ئەتراپىدا موڭغۇل، 160.823 ئەتراپىدا قىرغىز، 55.841 ئەتراپىدا دۇڭشياڭ، 36.785 ئەتراپىدا شىۋە، 41.028 ئەتراپىدا تاجىك، 12.782 ئەتراپىدا ئۆزبېك، 19.493 ئەتراپىدا مانجۇ، 5827 ئەتراپىدا داغۇر، 4501 ئەتراپىدا تاتار، 3762 ئەتراپىدا سالار، 6153 ئەتراپىدا تىبەت، 7006 ئەتراپىدا مياۋ، 5642 ئەتراپىدا جۇاڭزۇ، 8935 ئەتراپىدا رۇس ياشىماقتا.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان خىتاي مىللىتىدىن سىرت، تۈرك ۋە كېيىنچە موڭغۇللار نەچچە ئەسىردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان زېمىنلىرىدا بىرلىكتە ياشاپ كەلگەن. يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن دۇڭشياڭ، تىبەت، مياۋزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە خىتاينىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كەلگەن. بولۇپمۇ خىتاي مىللىتىنى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ سانلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرۈش غەرىزىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى دائىرىسىدە كۆچۈرۈپ كەلگەن. خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئومۇمىي نوپۇسى ئاران 150.000 ئەتراپىدا بولغان خىتاينىڭ نوپۇسى، ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە 7 يېرىم مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. ھازىر، خىتاي كۆچمەنلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ھەر كۈنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشماقتا.

### ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىش چىقىش سەۋەبلىرى

شەرقىي تۈركىستان ئىشغال قىلىنغان 130 يىل ئىچىدە چوڭ-كىچىك بولۇپ، جەمئىي 200 قېتىمدەك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ھەممىسى قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلدۇ. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىغا ئوچۇق-ئاشكارە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى 5-ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ كېلىش چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار، مانجۇ ئىمپېرىيەسى 1878-يىلى 16-مايدا شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىسمىنى شىنجاڭ (يېڭى چېگرا) غا ئۆزگەرتكەن كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە 3 ھۆكۈمەت بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. بىرىنچى ھۆكۈمەت 1911-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن مانجۇ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە تالان-تاراج قىلىنىدۇ. لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنى ۋە تىلغا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىمايدۇ. ئىككىنچى ھۆكۈمەت 1911-يىلى قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 1949-يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن گومىنداڭ پارتىيەسى ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە تالان-تاراج قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىلى ۋە دىنىغا ئۇنچىۋالا كۆپ زىيان يەتكۈزمەيدۇ. 1949-يىلى ئۆكتەبىردە كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى سۈرئەت بىلەن يولغا قويىدۇ. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى 1960-يىللار يولغا قويغان يېزىق سىياسىتى ۋە تىل سىياسىتى بىلەن باشلايدۇ.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى جۇ كۇنرېن «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ : «شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭرى، تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن مول. شىنجاڭ قولدىن كەتسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شىنجاڭنى چىڭ تۇتۇپ ئېچىش ئاساسلىق نىشانىمىز بولۇشتىن سىرت، ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭغا قارىتا ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مەزگىللىك سىياسەت بەلگىلەپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئۇزۇن مەزگىلنى چىقىش قىلىپ مەسىلىنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلساقلا نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقىتىشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى تەدبىرلەر ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. خىتايچىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇيغۇرچىنىڭ تەسىرىنى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇيغۇرلارغا خىتايچە ـ ئۇيغۇرچە قوش تىللىق مائارىپى يولغا قويۇش لازىم.

مەزكۇر قاراش 1960 ـ يىللاردا خىتاي سىياسەتچىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، 1991 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ بولسا، مەجبۇرىي ھالدا يولغا قويۇلۇپ كەلمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈلتۈر ھەقلىرىنى چەكلەش سىياسىتى، بولۇپمۇ تىل بىلەن دىنى ئىبادەتلەرنى چەكلەش سىياسىتى 5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا يەنە ئىقتىسادىي تەكشۈكسىزلىق، سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇملۇق، قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرسىزلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى ئىلاۋە قىلساق ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلىرىگە ئوچۇق ئاشكارە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى، ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ پارتلاش پىلتىسى بولۇپ قالدى.

**شەرقىي تۈركىستان**

تۈرك دۇنياسىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستان، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ دەل ئوتتۇرىغا جايلاشقان. كۈنىمىزدە خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، خىتاينىڭ پۈتكۈل ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلىرىغا قارىغاندا يەر مەيدانى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 650 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1/6نى تەشكىل قىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان شەرقىي جەنۇبتا خىتاي بىلەن جەنۇبتا بولسا تىبەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي شىمالدا موڭغۇلىيە، غەربىي شىمالدا قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تاجىكىستان، غەربىي جەنۇبتا بولسا ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستان قاتارلىق 9 دۆلەت بىلەن چېگرىلىنىدۇ.




كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار بولۇپ ئوخشىمىغان تۈركىي مىللەتلەر ياشايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2005-يىلىدىكى ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلار بولۇپ جەمئىي 12 مىليون تۈركىي مىللەت ياشايدىكەن، ئۇيغۇر تارىخچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا 25 مىليون تۈركىي مىللەت ياشايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭ نوپۇسى 250.000 ئەتراپىدا ئىدى. ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە خىتاينىڭ نوپۇسى 7 يېرىم مىليونغا يەتتى.

**1-1-شەرقىي تۈركىستاننىڭ دىنى قۇرۇلمىسى**

شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرمۇ كۆپلىگەن دىن مەۋجۇت. شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت دىنلار ئاساسلىقى ئىسلام دىنى، لامانىزىم (تىبەت بۇددىزىمى)، بۇددىزم، تاۋئىزىم، خىرىتىسيان دىنى (كاتولىك، شەرقىي ئوتتۇرادوكىس چېركاۋى) ۋە شامانىزم قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، سالار، تۇڭگان (خىتاي مۇسۇلمانلىرى)، دوڭ شياڭ ۋە باۋئەن قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك دىن ئىسلام دىنىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندا 23000 جامە، بىر نەچچە لامانىست ئىبادەتخانىسى ۋە كاتولىك چېركاۋى بار. خىتاي، تارىختىن بېرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئىككىلىك دىنى سىياسىتىنى كۈنىمىزدىمۇ يولغا قويماقتا. ماۋ زېدۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن دىنى سىياسەتتە قىسمەن كەڭچىلىك كۆرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى مەزگىللەردە دىنى بېسىملار كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا.

**2-1- شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ئىدارە تۈزۈمى**

1949-يىلى كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، 1955-يىلى 1-ئۆكتەبىردە شەرقىي تۈركىستاننى ئاپتونوم رايون قىلىپ بېكىتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئۆزگەرتكەن. شەرقىي تۈركىستان پايتەختىنىڭ كونا نامى «دىخۇا» بولۇپ، بۇ نامنىمۇ «ئۈرۈمچى» قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى ئاپتونوم سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرمەي، ئۆز ئالدىغا خالىغانچە قارار ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئاسلىملاتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسەتكە، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، مەدەنىيەت-سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىششىغا قەتئىي پۈرسەت بېرىلمىدى. ھەتتا قولىدىكى ھەق ھوقۇقلىرى بىر-بىرلەپ تارتىۋېلىندى.

شەرقىي تۈركىستاندا تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي قاتارلىق سەككىز «ئىدارە رايونى» بار.

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، جىمسار خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بايانغول موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق بەش »ئاپتونوم ئوبلاستى» بار.

ئۈرۈمچى، قاراماي ۋە شىخەنزە قاتارلىق شەھەرلەر بىۋاستە »شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» ھۆكۈمىتىگە قارايدۇ. تۇرپان شەھرى، قۇمۇل شەھرى، ئاقسۇ شەھرى، قەشقەر شەھرى، خوتەن شەھرى، غۇلجا شەھرى، چۆچەك شەھرى ۋە ئالتاي شەھرى قاتارلىقلار ھەر قايسى ۋىلايەتلەرگە قارايدۇ. كۇيتۇن شەھرى، كورلا شەھرى، بۆرتالا شەھرى، جىمسار شەھرى، فۇكاڭ شەھرى ۋە ئاتۇش شەھرى ئاپتونوم ئوبلاستقا تەۋە شەھەر مەكەزلىرىدۇر.

شەرقىي تۈركىستاندا 6 ئاپتونوم ناھىيە، 802 ناھىيە ۋە 42 ئاز سانلىق ناھىيەسى بار.

**3-1- شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى**

ئىقتىسادىي ئەھۋالى: شەرقىي تۈركىستان نېفىت، ئۇران، تۆمۈر، كۆمۈر، ئالتۇن، ۋولفرام، تۇز ۋە تەبئىي گاز قاتارلىق ئىستىراتېگىيەلىك يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى تەبئىي بايلىقلىرىغا

ئىگە بىر رايوندۇر. خىتايدىكى مەۋجۇت 148 خىل مەدەننىڭ 118 خىلى شەرقىي تۈركىستاندىن تېپىلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغىچە 5000 يەردە مەدەن كېنى تېپىلغان بولۇپ، خىتايدىكى ئومۇمىي مەدەن كېنىنىڭ 85%نى تەشكىل قىلىدۇ.

تەخمىنەن 500 رايوندىن نېفىت، 30 رايوندىن تەبىئىي گاز چىقىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا نېفىت زاپىسىنىڭ 8 مىليارد توننا ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى. ھەر يىلى 10 مىليون توننا نېفىت خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە توشۇلماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر زاپىسى خىتايدىكى پۈتكۈل كۆمۈر زاپىسىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يىللىق ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشىمۇ 360 كىلوگرام ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇران، ۋولفرام قاتارلىق ئىستىراتېگىيەلىك مەدەنلەر بىلەن تۇز ۋە رەڭلىك خرۇستال تاشلار شەرقىي تۈركىستان ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

150مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر تېرىلغۇ يەرلەرگە، يەنە شۇنچىلىك چوڭلۇقتا مۇنبەت زېمىنغا ۋە 12مىڭ كىلومېتىر كەڭلىكتىكى ئورمانلىققا ئىگە شەرقىي تۈركىستان ياي‍لاقلىرىدا 60 مىليون تۇياق چوڭ-كىچىك چارۋا ئوتلايدۇ.

بۇنچىلىك كۆپ تەبىئىي بايلىقلىرى نۇقتىسىدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەردىن بىرى بولۇشقا تېگىشلىك بولغان شەرقىي تۈركىستان، تولىمۇ ئەپسۇسكى، كۈنىمىزدە «ئەڭ قالاق مەملىكەت» قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، خەلقى ئۆز ئانا زېمىنىدا كەمبەغەل ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا، بۇنچىۋالا كۆپ تەبىئىي بايلىقلارنىڭ خىتاي تەرىپىدىن تالان-تاراج قىلىنىپ ئۆز مەملىكىتىگە يۆتكەپ كېتىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان سانائىتىدىن كېلىدىغان كىرىمنىڭ ئىنساپسىزلارچە بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىشى سەۋەب بولغان. دەرۋەقە، خىتاي مەسئۇللىرى، خىتاينىڭ خام ماددا بايلىقلىرىنىڭ 85%نى شەرقىي تۈركىستان تەمىنلەۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماقتا. شەرقىي تۈركىستان سانائەت قۇرۇلۇشلىرىدا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ 90%نى ۋە نېفىت بازىلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ 99%نى شەرقىي تۈركىستانغا ئولتۇراقلاشقان خىتايلار تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا ئىشسىزلىق نىسبىتى يەۋقۇلئاددە يۇقىرى.

شەرقىي تۈركىستان دۇنيانىڭ ئەڭ باي مەملىكەتلىرىدىن بىرى تۇرۇپمۇ، دۇنيادا ئەڭ نامرات ھالەتتە ياشىماقتا.

**مائارىپ ئەھۋالى:** شەرقىي تۈركىستان رايونىدا 800 يەسلى، 7100 باشلانغۇچ مەكتەپ، 1900 ئوتتۇرا مەكتەپ، 100 ئەتراپىدا كەسپىي تولۇق مەكتەپ، 20 ئەتراپىدا مېيىپلار مەكتىپى بار. تەتىل مەزگىلىدە تېخنىكا ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسلىرى تەسىس قىلىنغان. كۈنىمىزدە 40 ئەتراپىدا ئالىي ۋە ئوتتۇرا-تېخنىكوم مەكتەپلىرى بار. سانائەت، يېزا-ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، مېدىتسىنا ۋە خەلق سالامەتلىكى، پۇل-مۇئامىلە، قانۇن ۋە سىياسىي پەنلەر، كۈلتۈر، فىزىكا، سەنئەت، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە يەسلى مائارىپى قاتارلىق ساھەلەردە تەلىم -تەربىيە بېرىلمەكتە. كۈنىمىزدە شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ئورگانلىرىدىن بىۋاستە پايدىلانغانلار (باللار، چوڭلار، پېشقەدەملەر، مېيىپلار)نىڭ سانى 4 مىليون ئەتراپىدا،

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مائارىپ ئورگانلىرىدا تەخمىنەن 18000 دەك ئوقۇتقۇچى خىزمەت قىلماقتا.

مائارىپ ساھەسىدىمۇ تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك داۋاملاشماقتا. ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا كۆپىنچە خىتاي مىللىتىنىڭ پەرزەنتلىرى تەلىم-تەربىيە كۆرمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇرۇندىن تارتىپ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇپ كەلگەن ساۋادسىزلاشتۇرۇش ۋە مەدەنىيەتسىزلەشتۈرۈش سىياستى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەب بولغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك سىياسەت يولغا قويۇشتىن داۋاملىق ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. قانۇنىي جەھەتتىن ھەر پۇقرانىڭ مائارىپتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى ئېنىق قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر مائارىپتىن ئادىل ھالدا پايدىلىنىشتىن مەھرۇم قىلىنىۋاتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتساق، بۇ ھوقۇقىي ھەر خىل باھانە سەۋەبلەر بىلەن توسالغۇغا ئۇچراپ كەلمەكتە. خىتاي پەرزەنتلىرى تولۇق ئەسلىھەلەشكەن شارائىتى ياخشى ئازادە مۇھىتلاردا تەلىم-تەربىيە كۆرسە، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر شارائىتى ئىنتايىن ناچار بىلىم يۇرتلىرىدا تەلىم-تەربىيە ئالماقتا.

ئىلگىرى مەكتەپلەردە خىتايچە ئاساس قىلىنغان تەلىم-تەربىيە سىستېمىسى يولغا قويۇلغان بولسا، 1998-يىلغا كەلگەندە ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ، ئالىي مەكتەپلەردىمۇ خىتايچە ئاساس قىلىنغان تەلىم-تەربىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. تەدرىجىي پۈتكۈل مەكتەپلەردە مائارىپنى خىتايچە ئېلىپ بېرىش پىلانلانماقتا.

**مەتبۇئات:** شەرقىي تۈركىستاندا مەتبۇئات ساھەسى ھەققىدە پىروفېسسور دوكتۇر سەما باراتجۇ ئۆزۈندەرنىڭ «شەرقىي تۈركىستاندا مەتبۇئات: مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئەدەبىي نەشرىياتى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسى بىزگە مۇئەييەن دەرىجىدە يىپ ئۇچى بېرىدۇ. مەزكۇر ماقالىدا خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ ئاز سانلىق نەشرىياتى بولغان مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپ كاتالوگى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەشرىياتنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا يولغا قويغان سىياسەتلىرىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئاپتور يەنە، مەزكۇر نەشرىياتنىڭ 1953-يىلدىن 1980- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا نەشر قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە بىر نەچچىسىدىن سىرت، تامامەن پارتىيە ئىدېئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى، تەرجىمە ئەسەرلەردە بولسا رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر نەچچە ئەسەردىن سىرت، كۆپىنچىسى خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

**سەھىيە:** شەرقىي تۈركىستان خەلقى دۆلەتنىڭ سەھىيە خىزمەتلىرىدىنمۇ مەھرۇم ھالەتتە تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ 95%ى دۆلەتنىڭ ھەقسىز داۋالاش سىياستىدىن پايدىلىنماقتا، لېكىن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ سەھىيە خىزمەتلىرىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 12% ئەتراپىدا. ئېشىپ قالغان 88%ى بولسا ئۆز خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدۇ.

### 5-ئىيول ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) نىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلدى. ۋەقەدە 1000 بىلەن 3000 ئەتراپىدا ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ۋەقەدە ئەڭ ئاز 197 كىشى ئۆلگەن، 1721 كىشى يارىلانغان . ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ كۆپىنچىسى خىتايلار ئىكەن. ۋەقەدىن كېيىن قوللىرىغا مىخلىق تۆمۈر كالتەكلەرنى ئېلىۋالغان قانچە مىڭلىغان خىتايلار 7-ئىيۇلدا ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا چىقىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ .



ئۈرۈمچى قەتلىئامى 2009-يىلى 26-ئىيۇندا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدىكى گاڭزى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتاي ئىشچىلار بىلەن ئۇيغۇر ئىشچىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشتا، خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن 2 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ قانلىق ۋەقەدىن كېيىن 200 ۋە 300 دەك ئۇيغۇر ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا يىغىلىپ تىنچ شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزىدۇ، خىتاي ساقچىلىرى نامايىشچىلاردىن 70 نى نەق مەيداندا تۇتقۇن قىلىدۇ . نامايىش يۈز بېرىپ ئارىدىن 3 سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، غەزەپ نەپرىتىنى باسالمىغان بەزى ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچى خەلق مەيدانى، ئازادلىق يولى، خەلقئارالىق چوڭ بازار، شىنخۇا جەنۇبىي يولى قاتارلىق كۆپلىگەن جايلاردا ساقچىلار، ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. دۇكان ۋە سودا-سېتىق مەركەزلىرىنى ئۇرۇپ چاقىدۇ. خىتاينىڭ رەسمىي ئورۇنلىرىنىڭ باياناتىغا ئاساسلانغاندا، ۋەقەنىڭ تۇنجى كۈنىدىلا 1000 دىن ئارتۇق كىشى يارىلىنىپ، كۆپ ساندا ئاپتوموبىللارغا ئوت قويۇپ بېرىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى نامايىشچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ياش ئاققۇزۇش بومبىسى، بېسىملىق سۇ ئىشلەتكەنلىكىنى، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىق ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرىنى كېسىپ تاشلىغانلىقىنى ئېلگىرى سۈرىدۇ . لېكىن ۋەقەگە قاتناشقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا شاھىتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نامايىشچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن راست بومبا ۋە ئوق ئىشلىتىپ نامايىشچىلارنى رەھىمسىزلەرچە قەتلىئام قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 2ـ1ـ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەسئۇللىرىنىڭ ئۈرۈمچى قەتلىئامى توغرۇلۇق تۇنجى باياناتى مۇنداق: « ئۈرۈمچى ۋەقەسى سىرتقى كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە ئاستىرتتىن قوللىشى بىلەن تەشكىللەنگەن زوراۋانلىق ۋەقەسىدۇر. بۇ قېتىمقى زوراۋانلىق ۋەقەسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بار. بۇ ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈرۈمچىگە 1500 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى قەشقەر ۋە خوتەن قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچى ھەرىكىتى پائال ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رايونلاردىن كەلگەن . خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى رەئىسى نۇر بەكرى 2009-يىلى 6-ئىيۇلدا تېلېۋىزوردا سۆز قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار بىلەن خىتاي ئىشچىلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن توقۇنۇشلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈردى. نۇر بەكرى سۆزىدە يەنە، چەتئەلدىكى ئۈچ خىل كۈچنىڭ شاۋگۇەندىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدىكى توقۇنۇشنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈشكۈرتكەنلىكىنى، خەلقنى يانفۇن ۋە ئىنتېرنېت قاتارلىق ئۇچۇر ئالاقە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۈرۈمچى نەنمېڭ ۋە خەلق مەيدانىغا كېلىپ نامايىش قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى، دەيدۇ.



نۇر بەكرى سۆزىگە، رابىيە قادىرنىڭ 5-ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچىگە تېلېفون قىلىپ، خەلقنى توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە كۈشكۈرتكەنلىكىنىمۇ ئىلاۋە قىلدى. نۇر بەكرى، ئۇيغۇرچە

www.bilwal.com ناملىق تور بېتى ۋاستىسى بىلەن خەلقنىڭ كۆشكۈرتىلگەنلىكىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

**2ـ2ـدۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىنكاسى**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە نۇر بەكرىنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى قەتئىي رەت قىلىپ، ئۇرۇمچى ۋەقەسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، شۇڭا بۇ ۋەقەنىڭ جاۋابكارى ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان بېسىم سىياسىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن تىنچلىق نامايىشى ئېلىپ بارغانلىقىنى قەيت قىلدى. رابىيە قادىر خانىم سۆزىدە، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۈەن شەھىرىدىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا قانچە ئون مىڭلىغان خىتاي ئىشچىنىڭ ئۇيغۇر ئىشچىلارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، بۇ قانلىق ۋەقەدە كۆپ ساندا ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى ۋە بۇ قانلىق ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن دېموكراتىك ئۇسۇلدا تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تىنچلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىپادە قىلدى. (رابىيە قادىر خانىم ـ رەسىم)



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق نامايىشىنى مۇۋازىنەتسىز كۈچ ئىشلىتىپ، نامايىشچىلارغا ئوق چىقىرىش ئارقىلىق قانلىق باستۇرغانلىقىنى،

كېيىنچە ۋەقەنىڭ ئېتنىك توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىپ زورىيىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردى.
رابىيە قادىر خانىم ۋەقە توغرۇلۇق مۇنداق بايانات بېرىدۇ: « ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئېتنىك ئايرىمچىلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان بېسىم سىياستى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەركىزى ھۆكۈمەت يىللاردىن بېرى كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ختاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە، ختايلارنى بولسا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە ۋەقەنى مەن ئەمەس، مۇستەبىت ختاي ھۆكۈمىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇيغۇر خەلقى ختاينىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە دىنى ئەركىنلىكلىرىدىن مەھرۇم ھالدا ئۆز ۋەتىنىدە 2-دەرىجە پۇقرا بولۇپ ياشىماقتا .

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا تۈركىيە رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ت ر ت-تۈرك قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان چېكىدىن ئاشقان رادىكال سىياستىنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى سىرتقى كۈچلەرگە ئارتىپ قويۇشتەك كۈلكىلىك «ئەنئەنىسى»نى تارىختىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، مەسلەن، 2008-يىلى مارت ئېيىدا تىبەتتە مەيدانغا كەلگەن تىنچلىق نامايىشلىرىنىمۇ چەتئەلدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تىبەت خەلقىنى كۈشكۈرتۈپ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلىدۇ . دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى ئالىم سېيىتوۋ مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ، «رابىيە قادىر خانىم تىنچلىقنى سۆيىدىغان، زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان، 3 قېتىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىلگەن تىنچلىقپەرۋەر بىر ئايال. رابىيە قادىر خانىم مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلار بىلەن ختايلارنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇرغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى» دەيدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رېشىتمۇ مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، 2009-يىلى 7-ئىيۇلدا ختاي ھۆكۈمىتى ختاي پۇقرالىرىغا يان بېسىپ بىر ئوچۇق ختاي پۇقرالىرىنىڭ قوللىرىغا مىخلىق تۆمۈر كالتەك ۋە جادا قاتارلىق سايمانلارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . (دولقۇن ئەيسا - رەسىم).



**ئۈرۈمچى ۋەقەسگە مۇناسىۋەتلىك باياناتلار**

**2-3- ختاي رەسمىي ئورگانلىرىنىڭ باياناتى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى، ئاپتونوم رايون رەئىسى نۇر بەكرى ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە بايانات بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

5-ئىيۇل سائەت 17:00 ئەتراپىدا، 200 دەك ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىغا يىغىلغان. شىنجاڭ ئامانلىقنى ساقلاش خادىملىرى ۋەقەنىڭ زورىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، 70 دەك كىشىنى قولغا ئېلىپ، ۋەقەنى تىزگىنلىدى. ئارقىدىن كۆپ ساندا كىشى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى،



دۆڭ كۆۋرۈك، سەنشىخاڭزا قاتارلىق ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرگە يىغىلىپ شوئار توۋلاشقان. يەنە بەزى كىشلەر سەنشىخاڭزىدىكى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان. يىغىلغان كىشلەرنىڭ 1000 دىن ئارتۇق. ئاخشام سائەت 17:40 ئۆتكەندە خەلق كوچىسى، نەنمېن قاتارلىق كوچىلاردا 300 دەك ئۇيغۇر يىغىلىپ، يوللارغا توساق قۇرغان، ساقچىلىرىمىز ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بۇ كىشلەرنى تارقىتىۋەتتى. ئارقىدىن بۇ ئۇيغۇرلار سائەت 20:18 ئەتراپىدا ئالدىغا ئۆچرىغانلا شەخسكە ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان، بۇ بىر ئوچۇم زوراۋان ئۇنسۇرلار يول بويىدىكى تۆمۈر رىشاتكىلارنى پاچاقلاپ، 3 دانە ئاممىۋى كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ دەرىزىلىرىنى چېقىۋەتكەن. سائەت 20:30 دا ۋەقە تېخىمۇ ئۇلغايغان بولۇپ، بۇ ئۇنسۇرلار ئازادلىق كوچىسى، لۇڭچۇەن كوچىسى ئەتراپىدىكى ساقچى ماشىنىلىرىنى ئۆرۈپ، يولدىن ئۆتكەن بىگۇناھ پۇقرالارنى قاتتىق ئۇرغان. 700دىن 800 گىچە كىشى خەلق مەيدانىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، يول بويى ئالدىغا ئۆچرىغان خەنزۇ يولداشلارنى ئۆلتۈرگەن. سائەت 21:00 ئەتراپىدا 200 دەك ئۇيغۇر خەلق مەيدانىدىكى ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا يىغىلىپ شوئار

تووۋلاپ، بىناغا كىرىشكە ئۇرۇنغان. رۇخسەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلار قايتىپ كېتىشكەن. ۋەقەدىن كىيىن، ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابى خەلق مەيدانى، نەنمېن، ئىتتىپاقى كوچىسى، ئات بەيگىسى مەيدانى، شىنخۇا نەنلۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى، خۇڭشىڭچى ئېلېكتىر ئىستانىسىسى قاتارلىق يەرلەرگە 10000 دەك ئەسكەر يۆتكىدى. سائەت 22:00 غىچە داۋاملاشقان بۇ قالايمىقانچىلىق سائەت 24 ئەتراپىدا تامامەن تىزگىنلەندى. بۇ زوراۋان ئۇنسۇرلار تاكتىكا ئۆزگەرتىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئالدىغا چىققانلا خەنزۇ يولداشلارنى ئۆلتۈرگەن. ئارمىيەمىزمۇ بۇ ئىشقا قارىتا دەرھال چارە تېپىپ، كوچىلارنى ئاختۇرۇپ بۇ قانۇنسىز بىر ئوچۇم ئۇنسۇرلارنى تۇتقۇن قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى تاڭ سەھەرگىچە پۈتۈنلەي تىزگىنلەندى.

7-ئىيۇلدا ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى جەرلى ھىسامىدىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ۋەقە ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

«5-ئىيۇلدا سائەت 18:20 ئۆتكەندە خەلق مەيدانىغا يىغىلغان 200 دەك كىشى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى تەرىپىدىن تارقاقلاشتۇرۇۋېتىلدى. سائەت 19:40 ئۆتكەندە خەلق كوچىسى، نەنمېن ئەتراپىدا يوللارغا توساق قۇرغان 300 ئەتراپىدا ئۇيغۇر يەنە تارقاقلاشتۇرۇۋېتىلدى. سائەت 20:18 ئۆتكەندە بەزى كىشلەر ئالدىغا چىققان پۇقرالارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. 3 دانە كوچا ئاپتوبۇسىغا ئوت قويۇۋېتىلگەن. سائەت 20:30 دا ۋەقە تېخىمۇ ئۇلغايغان، بۇ ئۇنسۇرلار جەنۇبنى ئازادلىق كوچىسى ۋە لوڭ چۈەن كوچىلىرىدا يولدىن ئۆتكەن خەنزۇ يولداشلارنى ئۆلتۈرگەن، سائەت 21:30 دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئۇنسۇرلار 3 كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، 26 كىشىنى يارىلاندۇرغان. يارىلانغانلار ئىچىدە 6 سى ساقچى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن دەرھال تۈركۈملەپ ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى ئۈرۈمچى شەھىرىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، سائەت 22:00 دە ۋەقەلەر تامامەن تىزگىنلەندى. لېكىن بۇ زوراۋان ئۇنسۇرلار تاكتىكا ئۆزگەرتىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلا خەنزۇ پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاپتوموبىللارغا ئوت قويۇپ بەرگەن. كېيىنچە ئامانلىق ساقلاش كۈچلىرىنىڭ تىز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىشى نەتىجىسىدە قالايمىقانچىلىق ئاساسەن تىزگىنلەندى.»

11-ئىيۇلدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم سېكرىتارى لىجى، ئۈرۈمچى ۋەقەسگە قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە 1500 كىلومېتىر كېلىدىغان قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. يەنە ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى رابىيە قادىرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن كېلىپ چىققانلىقىنى دەيدۇ.

## 2-4-ئۈرۈمچى ۋەقەسى مەتبۇئاتلاردا

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى دۇنيا مەتبۇئاتىدىمۇ كەڭ ئورۇن ئالدى. دۇنيا مەتبۇئاتلىرى ھەر خىل يوللاردىن ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئېرىشىپ، بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرى بىلەن ئورتاقلاشتى.

نەنخۇا زاۋباۋ گېزىتى ئۈرۈمچى ۋەقەسگە قاتناشقانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن گۈلنىسا مەمەت ئىسىملىك بىر قىزنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن بەرگەن خەۋىرىدە، 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر،

26-ئىيۇن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۇەن شەھىرىدىكى گەنسى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش ۋە بۇ ۋەھشىي قىلمىشنى سادىر قىلغانلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تىنچ ھالدا نامايىش ئۆتكۈزگەنلىكى، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى نامايىشچىلارنى مەجبۇرىي تارقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى، لېكىن نامايىشچىلارنىڭ بۇنىڭغا ئۇنىمىغانلىقى، =ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ نامايىشچىلارغا مۇۋازىنەتسىز كۈچ ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە توقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.


人民日报
胡锦涛主席同意大利总统纳波利塔诺会谈
胡锦涛主席会见贝卢斯科尼总理
羊城晚报
粤8年安置3万多名军转干部
死者增至156人
1434名嫌犯被抓
华商报
陕西工行全力服务西部强省建设
乌鲁木齐严重暴力犯罪事件
140人死亡800多人伤
我省高考录取今开始

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر ياش شەرقىي تۈركىستانغا تارقىتىش بېرىدىغان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەقە ھەققىدە مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:

«مەنمۇ ۋەقەگە قاتناشقانلاردىن بىرسى، ھازىر ۋەقە يۈز بەرگەن جايغا يېقىن بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتتىم. ھەممە ياقتا خىتاي ئەسكەرلىرى چارلاپ يۈرىدۇ. 300 دەك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى 26-ئىيۇندا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۇەن شەھىرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتاي ئىشچىلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ جاۋابكارلىرىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، تىنچ بىر شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزدۇق. خىتاي ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى بىزنى تارقىتىۋېتىش ئۈچۈن رەسمىي ئوق ۋە بومبا ئىشلەتتى. 7 قېرىندىشىمىز كۆز ئالدىمىزدىلا يەرگە يىقىلدى، كۆپلىگەن دوستلىرىمىز تۇتقۇن قىلىندى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن تىنچلىق نامايىشلىرى توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر ئارقا كوچىلاردا ئۇيغۇرلار قولىرىغا تاياق توقماق ئېلىۋېلىپ خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن توقۇنۇشىۋاتىدۇ، كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى.»

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرى ئەركىن تارىم ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ياشنى زىيارەت قىلىپ مۇنۇ سوئاللارنى سورايدۇ: خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى رابىيە قادىر خانىمنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى دەۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ رابىيە قادىر خانىم ياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىرەر مۇناسىۋىتىڭلار بارمۇ؟ نەق مەيداننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ياش بۇ سوئاللارغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

« قەتئىي مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىز پەقەتلا رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن پەقەتلا مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىز پەقەت ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن خىتايلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىپ تىنچ بىر شەكىلدە نامايىش ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. لېكىن ھۆكۈمەت بىزنى قورال بىلەن قانلىق باستۇردى. دۇنيانىڭ قانداق بىر يېرىدە بۇنداق رەزىللىك بار، سىز ئويلاپ بېقىڭە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يىللاردىن بېرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان قەتلىئام سىياسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەقەنى سىرتقى كۈچلەرگە ئارتىپ قويۇۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق. ئۇلار ناھەق ئەيىبلەۋاتىدۇ.


BUGÜN
Sokaklar cesetten geçilmiyor
İŞTE KATLİAM
Sincan Uygur Özerk Bölgesi'nde provokasyonla başlayan olayları 500 kişiyi öldürerek bastırmaya çalışan Çin'e tepki yağdı. Ortaya çıkan katliam fotoğrafları dehşetin boyutunu gözler önüne serdi
Radikal
Doğu Türkistan'da dün de iki etnik halk birbirine girdi
İlk gün polisin şiddetine maruz kalan Uygurlar bu kez de Çinlilerin baltalı, palalı saldırısına uğradı. Polis, Çinlilere karşı da güç kullandı
Kadınlar sokakta
'Modern ülke' sloganı



MİLLİ GAZETE
ÇİN VAHŞETİNE kim dur diyecek
Katil Çin, Doğu Türkistan'dan DEFOL!
PROF. DR. NUMAN KURTULMUŞ: Bölgeye derhal heyet gönderilmeli
SİNCANIMIZ YANIYOR
Vahşet soykırıma dönüştü
ALDATAN KADINLARIN İTİRAFLARI
GÜNEŞ
Bakan'dan acı itiraf


5. ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ھازىر مەلۇم بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئايال، ئەركىن ئاسىيا

رادىئوسى مۇخبىرى ئەركىن تارىمنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدىكى سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

«خىتايلار ۋەتىنىمىزنىڭ يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بولۇپ پۈتۈن بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كېتىۋاتماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشسىز، خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئىنساننىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقى بولغان ياشاش ھوقۇقىنىمۇ دەخلى تەرۈز قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ياشلىرىنى مەجبۇرىي خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ ناھايىتى تۆۋەن مائاش بىلەن ئىشقا سالماقتا، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي زاۋۇتلىرىدا خىتاي ئىشچىلار 3000 يۈەن مائاش ئالىدۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئىشچىلار ئاران 300 يۈەن مائاش ئالىدۇ. بۇنداق زۇلۇم ئاستىدا خەلقىمىزگە قانداقمۇ چىقىش يولى بولسۇن؟ ياشلىرىمىزنى قىز ئوغۇل ئايرىماستىن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە ئاپىرىپ ئىززەت ئابرويىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى سىزمۇ چۈشىنىپ بولدىڭىز ھەقچان؟ خىتايلار ئوغۇل باللارغىمۇ باسقۇنچىلىق قىلىدىغان تۇرسا... ياشلىرىمىز ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆزلىرى خالاپ كېتىۋاتامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇ تەرەپلەردە بېشىغا ئېغىر كۈن كېلىپ ۋەتىنىمىزگە قېچىپ كەلگەن بىر قانچە ياشلىرىمىزغا دادام ئىش تېپىپ بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىق، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىشلار...

## 2-5- خىتاينىڭ ئىنكاسى

خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كومپارتىيەسى باش سېكرىتارى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئارمىيەسى باش قوماندانى ۋاڭ لېچۈەن، 2009-يىلى 7-ئىيۇلدا تېلېۋىزىيەدە سۆز قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ بېسىقتۇرۇلغانلىقىنى، ۋەقەگە قاتناشقانلارنىڭ قاتتىق جازالاندۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2009-يىلى 8-ئاۋغۇستتا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى مېڭ جيەنجۇ ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى دوختۇرخانىلاردىكى ۋەقەدە يارىلانغانلارنى يوقلىغاندا، مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «خەلقىمىزنى ئۆلتۈرگەنلەر قاتتىق جازالاندۇرۇلىدۇ، قەتئىي كەچۈرمەيمىز.»

ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقى كومپارتىيە باش سېكرىتارى لى جى تېلېۋىزىيەدە سۆز قىلىپ، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ تېررورلۇق ۋەقەسى ئىكەنلىكىنى، ۋەقەنى رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى ئۈچ خىل كۈچنىڭ تۇغدۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## تۈركىيەنىڭ ئىنكاسى

تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىيىپ ئەردوغان، 9-ئىيۇلدا بايانات ئېلان قىلىپ، «شۇئاندا خىتايدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ۋەقە تامامەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت. بۇنى باشقىچە ئىزاھلاشنىڭ ئورنى يوق» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتتى.



رەجەپ تايىپ ئەردوغان، 10-ئىيۇلدىكى باياناتىدىمۇ، ئۈرۈمچىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە توختىلىپ، «ۋەھشىيلىك» ئىبارىسىنى ئىشلەتتىم، سۆزۈمنىڭ كەينىدە تۇرىمەن. چۈنكى يۈزلىگەن ئىنسان ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان يارىلانغان ۋەقەنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن باشقا تەبىر ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ئالدىنقى كۈندىكى باياناتىنىڭ كەينىدە تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلدۇ. يەنە 10-ئىيۇلدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان سىياستىنى تەنقىد قىلىپ «بۇ خىلدىكى ئاسسىمىلياتسىيە سىياستىنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىگە شۇنى ئوچۇق دەيمىزكى، ئاسسىمىلياتسىيە سىياستى سىلەرگە ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇلاردىن ۋاز كېچىڭلار. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىدىن بۇنى تەلەپ قىلىمىز. بۇنداق ۋەھشىيلىككە مەيلى ئۇيغۇر بولسۇن ياكى خىتاي پۇقراسى بولسۇن ھەرگىزمۇ ياخشى كۆز بىلەن قارىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب، بىزنىڭ ئازابىمىزدۇر» دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىمغا ۋىزا بېرىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن ئىدى.

تۈركىيە بۈيۈك مىللەت مەجلىسى (تۈركىيە پارلامېنتى) باشلىقى كۆكسال توپتانمۇ ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى «دەھشەتلىك ۋەقە» دەپ تەرىپلەپ، «بۇ ۋەقەنىڭ تېخىمۇ ئۆلگىيىپ كېتىشىنى قەتئىي خالىمايمەن، ۋەقەنى تۇغدۇرغانلار قانداق ئادەم بولۇشتىن قەتئىينەزەر قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلغۇسى» دەيدۇ. توپتان يەنە، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى ۋە كىشىلىك ھەق ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ بالدۇرراق تۈگىشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

### داۋۇتئوغلۇنىڭ تېلېفون دىپلوماتىيەسى

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئۈرۈمچى ۋەقەسى توغرۇلۇق 2009-يىلى8-ئىيۇلدا يەنە بىر قېتىم بايانات بېرىدۇ. مىنىستىرلىك باياناتىدا، «تۈركىيەنىڭ ۋەقەنىڭ باشتىن-ئاخىر تەقىپچىسى بولۇشى ناھايىتى نورمال» دېگەن ئىبارىسى ئالاھىدە دىققەت قوزغايدۇ. خىتاي مەسئۇللىرىغا « جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرى ئەسناسىدا، پۇقرالارنىڭ

ھاياتى بىخەتەرلىكى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىلىپ خەلقئارا كىشىلىك ھەق ھوقۇقلىرى پىرىنسىپلىرى دەپسەندە قىلىنمىغان ئاساستا، ھەرىكەت قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز» دېگەن سىگنالى بېرىدۇ.



ئەنقەرە ۋەقەنىڭ تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ، ۋەقە ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇمات ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ئەنقەرە ھەم خىتاي بىلەن جۇمھۇر رەئىس ئابدۇللاھ گۈل ئىيۇن ئېيىدىكى خىتاي زىيارىتىدە ئەسناسىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەمدە رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن دىپلوماتىك تىل ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. ئابدۇللاھ گۈل خىتاي زىيارىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا «كۆۋرۈك» بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن ئىدى.

زامان گېزىتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بىر دۆلەت ئەربابى، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ خەلقئارا كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ، «ئۈرۈمچى ۋەقەسى ياۋروپا خەۋپسىزلىك ۋە ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا يەتكۈزۈلدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمىز ياۋروپا نۆۋەتچى رەئىسى شىۋېتسىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەت ئېلىپ باردى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھەق ھوقۇقلىرى مۇنبىرىدىمۇ ئۈرۈمچى بولۇپ ئۆتكەن تىراگېدىيەلەر كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىنىدۇ» دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، مەنسەبداشلىرىغا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان. ئۈرۈمچى ۋەقەسى، ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان پارىس قولتۇقى ھەمكارلىق كېڭىشىگە ئەزا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قاتناشقان يىغىندىمۇ تىلغا ئېلىنغان».

**مىنىستىر داۋۇتئوغلۇ: تۈركىيە ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ**

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەت داۋۇتئوغلۇمۇ، ئۈرۈمچىدە بولۇپ ئۆتكەن تىراگېدىيەلەرگە تۈركىيەنىڭ قەتئىي سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدىغانلىقلىرىنى دەيدۇ. ئىستانبۇلدا ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك سوئاللارغا جاۋاب بەرگەن داۋۇتئوغلۇ، تۈركىيە بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە تارىخىي رىشتىلىرىغا ئىشارەت قىلىپ، « ئۈيەردە يۈز بەرگەنلەر ئىنسانلىققا قىلىنغان ئېغىر ھاقارەتتۇر. بۇ تىراگېدىيەلەرنىڭ بۇرۇنراق تۈگىشىنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمىز. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ قىلمىشلار بۇرۇنراق ئاخىرلاشقۇسى. جاۋابكارلار تىزراق قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك. بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى يېقىندىن كۆزىتىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىمىز» دەپ بايانات بېرىدۇ. ۋەقەنىڭ ئىنسانىي نۇقتىدىن خەلقئارا جەمئىيەتكىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلغان ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەقەنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن بېسىقتۇرۇشى كېرەكلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

### 2-6-ئۇرۇمچى قەتلىئامىنىڭ تۈركىيە سىياسىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى
### « On Minute» دېمەمسەن



مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى باشلىقى دەۋلەت باھچەلى، باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغاننى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قەتلىئامغا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ۋەقەنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزۈش تۈركىيەنىڭ ۋەزىپىسى. غەززە ئۈچۈن «« **On Minute**» دېدىڭ. كەركۈك، تەلافەر ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ « **On Minute** » دېمەمسەن! قەتلىئاملارغا نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالىسەن!

### ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمانلىق قىلما!

باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغان دەۋلەت باھچەلىنىڭ ئەيىبلىشىگە دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپ: ھۆرمەتلىك باھچەلى، ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان بولىمەن دېمە، ئەمەلىي ئىش قىلغىن، ھازىر ساڭا بىر نەرسە دېيىش شۇنداق ئاسان. سەن ئۇ تەرەپلەردە زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، ئۇيغۇرچە چەكلەنمىدىمۇ؟ ئۇ مەزگىللەردە مۇئاۋىن باش مىنىستىر ئىدىڭ. گەپ قىلالىدىڭمۇ؟

### ئەستايىدىللىق ۋە سەممىيلىك يوق



جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى باشلىقى دېڭىز بايقالمۇ بۇ كەسكىن تالاش-تارتىشلار قايىنمىغا كىرىپ، ھۆكۈمەتنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قەتلىئام مەسىلىسىدە ئەستايىدىل بولماسلىق ۋە تۇترۇقسىز ھەرىكەت قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ھۆكۈمەت بۇ قەتلىئامغا ئادەمنى ئىشەندۈرگۈدەك جىددىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتالمىدى. ئۇ يەردە ھەقىقەتەن قەتلىئام بولىۋاتىدۇ. تۈركىيە بۇ قەتلىئامغا قەتئىي سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ.»

**ئەرزىمەس جېدەل**

شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز خىتاينىڭ زۇلۇمى دەستىدىن جېنىدىن ئايرىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ھەل قىلىشتىن ئاجىز سىياسەتچىلىرىمىز بىر-بىرىنى ئەيىبلەشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەنى يىراقتىن كۆزىتىش بىلەنلا كۇپايە قىلغان ھۆكۈمەت ۋە ئۆكتىچى پارتىيەلەر، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ ئورنىغا، «سەن-مەن» جېدىلى بىلەن ئاۋارە بولماقتا.

**ھۆكۈمەت ۋە جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن بەند بولماقتا**

سابىق باش مىنىستىرلاردىن ئەرباكان، ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى بىلەن جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن قارىماققا جېدەل قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، سۈنئىي كۈنتەرتىپ پەيدا قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللىي چۈشەنچە رەھبىرى سابىق باش مىنىستىرلاردىن نەجمەتتىن ئەرباكان، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىرقى قىرغىنچىلىققا سۈكۈت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بالىكەسىر ۋىلايىتىنىڭ ئەدرەمىت ناھىيەسىگە قاراشلىق ئالتىنئولۇك بازىرىدا خەلق ئاممىسى بىلەن پاراڭلاشقان ئەرباكان، مۇخبىرلارنىڭ كۈنتەرتىپتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەلەستىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا توختىماي قان ئېقىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇسۇلمانلار زۇلۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ. ھەر جەھەتتىن ئېكسپولاتسىيە قىلىنىۋاتىمىز. بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا بىز نېمىلەر بىلەن بەند بولۇۋاتىمىز؟ ھەربىيلەر ھەربىي سوتتىمۇ سوتلانسۇن ياكى نورمال سوتتىمۇ ؟ قىلغىلى ئىش يوقتەكتەك مۇشۇنداق پارچە-پۇرات ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتىمىز. جېنىم دوستۇم، دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى تۆكسەڭ تۆكمىسەڭ بەرىبىر ئەمەسمۇ، چۈنكى دەرەخنىڭ يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن تۇرسا».

**زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ**

ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنى ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قەتلىئامغا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن ئەرباكان مۇنداق دەيدۇ: « تولىمۇ ئەپسۇسكى، تۈركىيەدە ھاكىمىيەت بېشىدا جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغان بىر ھۆكۈمىتىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھانگىرلار خالىغانچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان تىراگېدىيەلەرنىڭ

جاۋابكارى ھازىرقى ھۆكۈمەت. بۇنى خىتاي ھۆكۈمىتى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى غەنىمەت بىلىپ ئۇيغۇرلارنى «يوقىتىۋېتىش» كويىدا. ئۇ يەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز زۇلۇم ئاستىدا ئېڭىرىماقتا. ئاللاھ بۇ ھۆكۈمەت بېشىدىكىلەرگە ئەقىل ئاتا قىلىپ، زالىملار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشتىن بۇرۇنراق قۇتۇلغۇسى. بۇنداق ئىنسانلىق جىنايىتىگە شېرىك بولمىغاي.»

## ئارتۇقچە ئويلاپ كەتمە

مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى باشلىقى دەۋلەت باھچەلى، ئادانا سەرىنئەۋلەر تەنتەربىيە زالىدا چاقىرىلغان پارتىيەنىڭ 9-نۆۋەتلىك ۋىلايەتلىك يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغاندا، باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغاننى ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: « شەرقىي تۈركىستان، كەركۈك، تەلافەردىكى قەتلىئاملارغا نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىسەن؟ »

دەۋلەت باھچەلى، باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئاملار ئۈچۈنمۇ « **On Minute** » دېيىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باھچەلى ئەردوغاننى ئەيىبلەشنى تۈنۈگۈنمۇ داۋاملاشتۇرىدۇ. باش مىنىستىر ۋە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئاملارغا سۈكۈت قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن باھچەلى، «ئىسرائىلىيەگە غەززە ئۈچۈن « **On Minute** » دەيسەن. ئۇيغۇر قەتلىئامىغا نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىسەن» دەيدۇ. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئېتنىك يوقىتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان باھچەلى، «دۇنيادا ئۇيغۇر قەتلىئامىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزەلەيدىغان بىر دۆلەت بولىدىغان بولسا، ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدۇر» دەيدۇ.

## بىر سىكۇنت ۋاقىت ئاجرات

باھچەلى مۇنداق دەيدۇ: « ھۆرمەتلىك باش مىنىستىر غەززەنى ھەممىدىن كۆپ ئويلايسەن. « **On Minute**» ئارقىلىق ئىسرائىلىيەگە نارازىلىق بىلدۈردۈم، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىسەن، تۈرك مىللىتىنى ھەرىكەتلەندۈرگىن. شەرقىي تۈركىستان، كەركۈك، تەلافەردىكى قەتلىئاملارغا نېمە ئۈچۈن سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتىسەن؟ ھۆرمەتلىك باش مىنىستىر، ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن تاشلايدىغان ھەر بىر قەدىمىڭدە دەيدىغان ھەر بىر « **On Minute** » تا مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى سېنى قوللايدۇ، تۈرك مىللىتى سېنى قوللايدۇ. مۇزاكىرىلىرىڭنىڭ بىر سېكۇنتنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئاجراتساڭ نېمە بولىدۇ. »

## ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان بولما، .ئەمەلىي ئىش قىل

باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغان، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن قەتلىئام ئۈچۈن «**On Minute** دېسەڭ سېنى قوللايمىز» دېگەن باھچەلىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان بولما، ئەمەلىي ئىش قىل، قېنى كۆرۈپ باقايلى». باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغان خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان

قەتلىئامنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە، بۇ ئىش سەۋەبىدىن باشقا سىياسىي رەقىبلىرى بىلەن بىر ھەپتىدەك سىياسىي غەۋغا قىلىدۇ. ئەردوغان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى ئەرزۇرۇم يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئام ئۈچۈن «**On Minute** دېسەڭ سېنى قوللايمىز» دېگەن مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىگە جاۋاپ قايتۇرىدۇ. باھچېلىنى قۇرۇق قەھرىمانلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىگەن ئەردوغان مۇنداق دەيدۇ:

## ئاۋاز چىقىرالدىڭىزمۇ؟

باھچەلى «ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھۆرمەتلىك باش مىنىستىر **On Minute** دېسە قوللايمىز» دەۋاتىدۇ. مۆھتەرەم باھچەلى، سەنمۇ بىر زامانلاردا خىتايدا زىيارەتتە بولغان ئىدىڭ. ئۇ يەرلەرنى ساياھەت قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا ئۇ يەرلەردىمۇ بىر ئىشلار يۈز بەرگەن ئىدى. ھازىر ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمانلىق قىلىۋاتىسەن. شۇ ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا 50 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. دەل سەن ئۇ يەردە زىيارەتتە بولۇۋاتقاندا، تولىمۇ ئەپسۇسكى ئۇيغۇرچە چەكلىنىدۇ. قېنى ئۇ ۋاقىتىدا نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ئەينى ۋاقىتدا مۇئاۋىن باش مىنىستىر ئىدىڭغۇ. ئاۋاز چىقىرالدىڭمۇ؟»

## سىياسىي مەنپەئەت غەۋغاسى

مەسىلىنىڭ ئايدىڭلىشىشى ئۈچۈن يولىيۇرۇق بەرگەنلىكىنى ۋە ئەينى ۋاقىتتا دەۋلەت باھچەلىنىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىققانلىقىنى قەيت قىلغان ئەردوغان، «ھازىر سەن قوپۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن قەھرىمان بولىمەن، دەۋاتىسەن. مۆھتەرەم باھچەلى، بىزگە ھەيۋە قىلما. ئەمەلىي ئىش قىل. قېنى ئەمەلىي ئىش قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقايلى» دەيدۇ.

## تۈركىيە ئەستايىدىل بولالمايۋاتىدۇ

جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى بايكال، شەرقىي تۈركىستاندا قەتلىئام بولىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ قەتلىئامغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

دېڭىز بايكال، تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئامغا قەتئىي سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بايكال، 29.مارتتا سايلامدا ئۇتۇپ چىققان رايونلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش دائىرىسىدە ناللىھان سارىيەر بازىرىغا بارىدۇ. ئۇ يەردە خەلق ئاممىسى بىلەن ئەھۋاللاشقان بايكال، مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئامغا مۇناسىۋەتلىك بىر سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، تۈركىيەنىڭ بۇ ئىشقا قارىتا ئەستايىدىل بولالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، «ئۇ تەرەپتە يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئامغا ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ئېنىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرەلمەيۋاتىمىز» دەيدۇ. بايكال يەنە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئوتتۇرا شەرقتە مەسىلىلىرى كۆنتەرتىپكە كەلگەندىمۇ تۈركىيەنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئېنىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرەلمىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بايكال، «ئۇ تەرەپلەردە ھەقىقەتەن قەتلىئام يۈز بېرىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا تۈركىيە قەتئىي سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، دۇنياغا بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىۋاتىدۇ» دەيدۇ.

**2ـ7ـ ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتىنىڭ ئىنكاسى**



ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قەتلىئاملار ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتىنىڭمۇ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى. ئىسلام كېڭەشى تەشكىلاتى باش كاتىپى پىروفېسسور دوكتۇر ئەكمەلەددىن ئىھسانئوغلۇ، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرجەم ۋە تىنچ مۇھىتتا ياشاشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تەسلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلدى. ئىھسانئوغلۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى، پۇقرالارنىڭ نورمال تۇرمۇشقا ئېرىشىشى ئۈچۈن تىنچ ۋە خاتىرجەم مۇھىت يارىتىپ بېرىشكە چاقىردى. ئىھسانئوغلۇ يەنە، ئۇيغۇرلارنىڭ رايوننىڭ يەرلىك خەلقى ئىكەنلىكى، دىنى كىملىكلىرىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھەق ھوقۇقلىرىغا ئېرىشىش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈپ، مەسىلىنىڭ پەقەت دىئالوگ ۋە سۆھبەت يولى بىلەن ھەل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**2ـ8ـ ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىنكاسى**

رافسانجانى تېھران ئۇنىۋېرستېتى قورۇسىدا جۇمە خۇتپىسى بەرگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەقە سەۋەبىدىن كۆپ ساندا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ ئۆلگەنلىكى، يارىلانغانلىقى ۋە تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ۋەقەدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ.

«خىتايدىكى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) ناھايىتى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ» دېگەن رافسانجانى، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان زۇلۇمنىڭ بۇرۇنراق تۈگىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقلىرىنى مۇنداق دەيدۇ:

«بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنى دۆلىتىنى تەرەققىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن ناھايىتى تىرىشىۋاتىدۇ ۋە ئەقىللىق دەپ بىلىمىز. بىز ئۇلارغا سەممىي نەسىھەت قىلىمىزكى، ئۇ يەردىكى قەتلىئام ئۇلارغا قىلچىمۇ پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ» دېگەن ئىبارىنى ئىشلەتكەن رافسانجانى، « دۇنيادا 1 مىليارد 600 مىليون مۇسۇلمان ۋە 60 دەك مۇسۇلمان دۆلىتى بار. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرى خىتايدا زۇلۇم كۆرۈۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە» دەيدۇ.

رافسانجانى خىتاينى دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

رافسانجانى خۇتبىدە تەبلىغ قىلىۋاتقاندا، جامائەت ئىچىدىن«خىتاي»غا «ئۆلۈم» دەپ شوئار ياڭرايدۇ. رافسانجانى مۇسۇلمانلارنى خىتاي ۋە باشقا يەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىشىغا شاھىت بولۇپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى دەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، نوپۇزلۇق دىنى زاتلارمۇ كۆپ ساندا مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، يارىلىنىشى ۋە تۇتقۇن قىلىنىشىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەنۇچەئىر مۇتتەقىمۇ تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەھمەت داۋۇتئوغلۇ، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ياڭ جيېچى ۋە ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى باش كاتىپى ئەكمەلەددىن ئىھسانئوغلۇ قاتارلىق شەخسلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى توغرۇلۇق سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ.

## 2-9- تۈركىيەدىكى ئاممۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىنكاسى

شەرقىي تۈركىستاندىكى قەتلىئاملارغا تۈركىيەنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولدى. ئىستانبۇل، ئەنقەرە، بۇرسا، ئافيونقاراھىسار، قەيسەرى، مەرسىن قاتارلىق كۆپلىگەن ۋىلايەت ۋە شەھەرلەردە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۇرۇمچى قەتلىئامىغا قارشى نارازىلىق نامايىشلىرىدا، ئاممۋى تەشكىلاتلار ئۈرۈمچىدىكى قەتلىئام ۋەقەلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، خەلقنى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىدۇ. شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا قارا گۈلچەمبىرەك قويۇپ، نارازىلىقنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مۇئاۋىن باشلىق سېيىت تۈمتۈرك خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خىتاينىڭ 60 يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلار قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن بىرگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى باستۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىنسان قېلىپىدىن چىققانلىق، دەپ تەرىپلەيدۇ.




ئىستانبۇل ئۆلكۆ ئوجاكلىرى تەشكىلاتىغا ئەزا بىر گۇرۇپپا، شەرقىي تۈركسانىدىكى ۋەقەلەرگە بولغان نارازىلىقنى خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ئالدىغا قارا گۈلچەمبىرەك قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولسا، ئەنقەرە ئۆلكۆ ئوجاكلىرى تەشكىلاتى ۋە مەمۇر-سەن ئۇيۇشمىسى ئەنقەرە ۋىلايەتلىك باشقارمىسى ئەزالىرىمۇ، خىتاينىڭ ئەنقەرەدە

تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئالدىغا قارا گۈلچەمبىرەك قويۇش ئارقىلىق ئۈرۈمچى قەتلىئامىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.




ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتى ۋە تۈركىيە ئىنسان ھەقلىرى ۋەقپەسى بايانات بېرىپ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئاملار سەۋەبلىك «تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى جىددىي يىغىن چاقىرىشقا چاقىرىشىنى» تەلەپ قىلىدۇ. تۈرك سەھىيە-سەن ئۇيۇشمىسى باشلىقى ئۆندەر كاھۋەجى ۋە تۈركىيە كامۇ-سەن ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بىر گۇرۇپپا، خەلقنى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئىستېمالچىلار بىرلىكى مۇئاۋىن باشلىقى مۇستافا دىنچمۇ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قەتلىئاملارغا، خىتاي ماللىرىنى كەڭ كۆلەملىك بايقۇت قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتتى.

### 2-10. غەربنىڭ ئىنكاسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى

ئىراندا پىرېزىدېنتلىق سايلاملىرىدىن كېيىن كوچىلارغا چىقىپ كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزگەن ئۆكتىچىلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن غەربنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قەتلىئاملارغا دېگەندەك كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نارازىلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ياۋروپا ئىتتىپاقى، 1700 دىن ئارتۇق كىشى يارىلانغان ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى «ئۆكۈنۈش» بىلەنلا بولدى قىلىدۇ. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىمۇ ئۈرۈمچىدىكى ئېتنىك توقۇنۇشلاردىن «چوڭقۇر ئەندىشە » قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. رۇسىيە بولسا ئۈرۈمچىدىكى

زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنىڭ خىتاينىڭ «ئىچكى ئىشلىرى» غا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ.







ئەنگىلىز Independent گېزىتىگە غەربنىڭ ئۇرۇمچى ۋەقەسىگە تۇتقان سوغۇق پوزىتسىيەسىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ ماقالە يازغان ئۇيغۇر زىيالىلىرىدىن نۇرى تۈركەل، « غەربلىك رەھبەرلەر ئۇيغۇرلارغا نېمىشقا كۆڭۈل بۆلمىدى؟» دېگەن سوئالنى چۆرىدىگەن ھالدا ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: « غەربلىك رەھبەرلەر، ئىراندا مىللىي مەنپەئەتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئەيىبلەيدىغان باياناتلار بېرىدۇ. لېكىن بۇ قېتىم خىتايدا، مىللىي مەنپەئەتلىرى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىلىكىچىدىن ئۈستۈن كېلىپ قالدى. دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ دادىل پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى كۈتكەن بولساقمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەسىلىسىگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشتى».

**2ـ11ـ خىتاينىڭ باش مىنىستىر ئەردوغاننىڭ باياناتىغا قايتۇرغان ئىنكاسى**

تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىيپ ئەردوغان ئۇرۇمچى ۋەقەسىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا قاتتىق غۇلغۇلا قوزغايدۇ. خىتاينىڭ دۆلەتلىك رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئورگىنى بولغانCCTV تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەخمىنەن 5000 كىشى ئىشتىراك قىلغان خەلق راينى سىناش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، « تۈركىيە باش مىنىستىرى، رابىيە قادىرغا ۋىزا بېرىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئوچۇق ئاشكارە قوللىغان بولامدۇ ؟ » دېگەن سوئالغا، راي سىناشقا قاتناشقانلارنىڭ 97.43%ى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن بولسا، 1.5% رەت ئاۋازى بەرگەن. 0.88%ى بىلمەيدىغانلىقىنى، 0.18%ى باشقىچە جاۋاپ بەرگەن. 11 ـ ئىيۇلدا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىگە تەۋە خەلق گېزىتىگە قاراشلىق يەر شارى ۋاقتىلىق گېزىتىمۇ خەلق راينى سىناش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ،

خىتايلارنىڭ تۈركىيەنىڭ ئۇرۇمچى ۋەقەسىگە تۇتقان پوزىتسىيەگە قايتۇرغان ئىنكاسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

12706 كىشى قاتناشقان راي سىناشتا قاتناشقانلارنىڭ 93.3%ى تۈركىيەنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى ئويلايدىكەن. 12800 كىشى ئىشتىراك قىلغان يەنە بىر خەلق رايىنى سىناشتا قاتناشقانلارنىڭ 96%ى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىگە قاتتىق غەزەپلەنگەن. 7909 كىشى ئىشتىراك قىلغان يەنە بىر راي سىناشتا بولسا قاتناشقۇچىلارنىڭ 95.7%ى تۈركىيە باش مىنىستىرىنىڭ، رابىيە قادىرغا ۋىزا بېرىش ئارقىلىق « تېررورىزم » نى ئوچۇق ئاشكارە قوللىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان راي سىناش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلارنىڭ نىسبىتى خىتاينىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا تامامەن تەتۈر تاناسىپ بولۇپ، بۇلارغا يۈزەكى، تەرەپبازلىق، غەرەزلىك، ھەتتا يېتەكلەنگەن دەپ باھا بەرسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولىمىز. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، خىتاي مەتبۇئاتلىرى تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە بىلدۈرگەن ئىنكاسىغا قاتتىق غەزەپلەنگەن. خىتاي مەتبۇئاتلىرىنىڭ قىلمىشىغا ماس ھالدا، خىتاي ھاككېرلىرى تۈركىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا تەھدىت سېلىپ بىر پارچە خەت ئەۋەتىدۇ. خەتتە، شىنجاڭ مەسىلىسى « خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى » ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، « تۈركىيەنىڭ بۇ ۋەقەنى باھانە قىلىپ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقى» تەلەپ قىلىنغان. ھاككېرلار « ئەگەر تۈركىيە خىتاي خەلقىنى رەنجىتىشنى داۋاملاشتۇرغان تەقدىردە، خىتاي خەلقىمۇ بۇنىڭغا قارىتا تېگىشلىك جاۋاپ قايتۇرىدۇ » دېيىش ئارقىلىق، تۈركىيەگە ئوچۇق -ئاشكارە تەھدىت سالىدۇ. يەنە خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا ئىپادە قىلىنغىنىغا ئوخشاش « رابىيە قادىرنى قوللاش، خىتاي خەلقى بىلەن دۈشمەنلىشىشتۇر » دېگەندەك ئىش بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، 22 - ئىيۇلدا




رۇسىيە بىلەن خىتاي رۇسىيەنىڭ خاباروۋسكى شەھىرىدە ئورتاق ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزگەندە، خىتاي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى ئىشتاب باشلىقى گېنېرال چېن بىڭمۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رۇخستى بىلەن شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى پائالىيىتى دائىرىسىدە خىتاي ئارمىيەسى چېگرا ئاتلاپ شەرقىي تۈركىستان تېررورچىلىرىغا زەربە

بېرىدىغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ. بەزى ئانالىزچىلار خىتاي ئارمىيەسىنىڭ نىشانىدا تۈركىيەنىڭمۇ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ .

خىتاي مەتبۇئاتلىرى تۈركىيەنى ئەيىبلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئاخىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مىنىستىرلىق سەۋىيەسىدە تۈركىيەنى ئەيىبلىگەن ۋە تەنقىدلىگەن باياناتلىرى تۈرك مەتبۇئاتىدا ئورۇن ئالىدۇ. خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جەي جۈن، تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى مەزمۇن قىلغان « يالغان» خەۋەرلەرنىڭ تارقىتىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرك مەتبۇئاتلىرىدىكى « قەتلىئام» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»قا ئوخشاش ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى « مەسئۇلىيەتسىزلىك» دەپ تەرىپلىگەندىن سىرت، تۈركىيە بىلەن يېرىكلەشكەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. جەي جۈن يەنە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىرنى « بۆلگۈنچى » دەپ تەرىپلەپ، تۈركىيەنىڭ رابىيە قادىرغا ۋىزا بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن خىتاينىڭ رەسمىي مەتبۇئاتلىرىدا بۇ ئىپادىلەرگە ئورۇن بېرىلمەيدۇ. خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى گوڭ شاۋشېڭ خىتاينىڭ تۈركىيەگە بىلدۈرگەن ئىنكاسلىرىنىڭ ئاساسلىقىنىڭ خىتاي مەتبۇئاتلىرىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: « جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوغۇققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، ھېچقانداق بىر دوكلات ياكى خىتابنامە ئېلان قىلمىدى. مەملىكەت دائىرىسىدە مەسىلىسىنى كونترول ئاستىدا تۇتتى». ھالبۇكى، جەي جۈننىڭ باياناتى باش ئەلچىنىڭ ئىپادىسىگە تامامەن زىت. بۇنىڭدىن، خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئارىسىدا تۈركىيەگە قارىتىلغان سىياسەتلىرىدە ھازىرغىچە ئورتاق قاراشقا ئىگە ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى جەي جۈن، ئەردوغاننىڭ باياناتىنى « مەسئۇلىيەتسىزلىك » دەپ تەرىپلەيدۇ، لېكىن باش ئەلچى گوڭ شاۋشېڭ بولسا «باش مىنىستىر ئەردوغاننىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىنغانلىقىنى، ئەسلىدە بۇنداق دېمەكچى ئەمەسلىكىنى» دەيدۇ. يەنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەردوغاننىڭ باياناتلىرىنى «خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى » ئىلگىرى سۈرىدۇ .

**2ـ 12ـ تۈركىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتى**

ئۈرۈمچىدە 5 ـ ئىيۇلدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر تۈركىيەدە « ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز قەتلىئام قىلىنماقتا » دېگەن شەكىلدە تەرىپلىنىدۇ. باش مىنىستىر رەجەپ تاييىپ ئەردوغان، رەسمىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن 197 ئادەم ئۆلگەن، 1700 دىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغان ۋەقەلەر ئۈستىدە توختىلىپ « ۋىجدانىمىز ئازابلانماقتا، بۇ ۋەھشىيلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشقۇسى » دەيدۇ.

تولىمۇ ئەپسۇسكى، تۈركىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇرات سەلىم ئەسەنلى ئۈرۈمچى ۋەقەسى توغرىسىدا باش مىنىستىر رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ باياناتلىرىغا تامامەن زىت ھالدا بايانات بېرىدۇ. ئۈرۈمچىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن سۆز قىلغان ئەسەنلى، ئۈرۈمچىدىكى ۋەقەلەرنى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئابرويى ۋە ئىناۋىتىگە بۇزغۇنلۇق قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن كۈچلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى دەيدۇ. ئۈرۈمچىدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ خىتاي

ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇمچى ۋەقەسىنى باستۇرۇش شەكلىنى توغرا چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئەسەنلى ۋە 25 نەپەر باش ئەلچى خەلقئارا جەمئىيەتنى « تېررورىزمغا قارشى » ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە چاقىردۇ.



**2ـ13ـ شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەت**

خىتاي ھۆكۈمىتى 26 دۆلەتنىڭ باش ئەلچىلىرىنى يىغىپ ئۈرۈمچىدە زىيارەت قىلدۇرىدۇ. خىتاي خەلقئارا رادىئوسىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 5 كۈنلۈك زىيارەت ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغان باش ئەلچىلەر، «زوراۋانلىق ۋەقلىرىنىڭ ئارقا پەردىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى » ناملىق كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

رادىئونىڭ خەۋىرىدە يەنە، باش ئەلچىلەرنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە تۇتقان پوزىتسيەسى ۋە قاراشلىرىغا ئورۇن بېرىلىدۇ. خەۋەردە، تۈركىيە باش ئەلچىسى ئەسەنلىنىڭ، ئۈرۈمچىدىكى ۋەقەلەرنى خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئابرويى ۋە ئىناۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن كۈچلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى، تۈركىيەنىڭ خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

باش ئەلچى ئەسەنلى بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا خىتاي دۆلەت تېلېۋىزىيەسى CCTV نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، تۈركىيەنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى سۈپىتىدە كۆرىدىغانلىقىنى، خىتاي دائىرلىرىنىڭ مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە ئىمزالىغان خەلقئارا كېلىشىملەرگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**2ـ14ـ رەئىس نۇر بەكرىنىڭ غەلىتە باياناتى**

رەئىس نۇر بەكرى تۈركىيە، كۇۋەيت، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، شىۋېتسىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردىن كەلگەن دىپلوماتلارنى كۈتىۋالدى. نۇر بەكرى كۆپىنچىسى مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن كەلگەن دېپلوماتلار بىلەن كۆرۈشكەندە، « ئۈرۈمچىدىكى زوراۋانلىق ۋەقەلىرىگە بىرمۇ دىندار كىشى ئارىلاشمىدى» دەيدۇ. نۇر بەكرى زوراۋانلارنىڭ رايون خەلقى ۋە مۇسۇلمانلارغا ۋەكىل بولالمايدىغانلىقىنى ئىپادە قىلىدۇ.

## 2ـ15ـ ئەردوغان نېمە دېگەن؟

شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرگە قارىتا پوزىتسىيە بىلدۈرگەن تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تاييىپ ئەردوغان مۇنداق دېگەن ئىدى: « ئۈرۈمچىدىكى ۋەقەلەرنى قاتتىق ئەندىشە ۋە قايغۇ ئىچىدە كۆزىتىۋاتىمىز. بۇ ۋەقەلەر يالغۇز بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنىلا ئازابلىمايۋاتىدۇ، بەلكى ۋەقەلەرنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلارنىمۇ ئازابلاۋاتىدۇ. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ۋە بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلىۋاتقان خەلقىمىز ئۈرۈمچىدىكى قەتلىئاملارغا نارازىلىق بىلدۈرۈشى ناھايىتى تەبىئىي ھەم يوللۇق. تارىخىي ۋە مەدەنىيەت رىشتىمىز بولغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنى، تۈركىيە بىلەن خىتاي دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە قېرىنداشلىق كۆۋرۈكى سۈپىتىدە كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. قەتلىئام سەۋىيەسىگە يېتىپ بارغان بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ بۇرۇنراق ئاخىرلىششىنى، ھەممە تەرەپنىڭ سوغۇققانلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىنى، جاۋابكارلارنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى، تىگىشلىك تەدبىرلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دائىرىسىدە تىزراق ئېلىنىشى ئۈمىد قىلىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئادىل ھالدا بىر تەرەپ قىلىشى تولىمۇ زۆرۈر. تۈركىيە، 2009 ـ ۋە 2010 ـ يىللىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ۋاقىتلىق ئەزاسى. نۆۋەتتە كۆز ئالدىمىزدىكى ئۈرۈمچى ۋەقەسىمۇ ئىنسانىيەت نامىغا زىممىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە، بىزمۇ بۇ خەلقئارالىق مۇنبەردە مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىمىز.

## 2ـ16ـ ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسى توغرۇلۇق يىغىنى

5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى دۇنيانىڭ كۈنتەرتىپىدىن رەسمىي ئورۇن ئالدى. دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى يېقىندىن كۆزىتىشكە باشلىدى. 14 ـ ئىيۇلدا ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى باش كاتىپى پىروفېسسور دوكتور ئەكمەلەددىن ئىھسانئوغلۇ تەكلىپىگە بىنائەن پېقىر كەمىنلىرى جىددە شەھىرىگە باردىم. 15 ـ ئىيۇل كۈنى ناشتىدا باش كاتىپ ئەكمەلەدىن ئىھسانئوغلۇ بىلەن ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق. بىر سائەت داۋاملاشقان ناشتىدا ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا مەلۇمات بەردىم. ئىھسانئوغلۇ سۆزۈمنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەندىن سوئال سوراشقا باشلىدى. ئەسلىدە بۇ مۇبارەك زات شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ناھايىتى ئوبدان

بىلىدىكەن. 2009 ـ يىلى 15 ـ ئىيۇلدا « ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى » تېمىسىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى مەركىزىدە مەلۇمات بەردىم. يىغىنغا باش كاتىپ پىروفېسسور دوكتور ئەكمەلەددىن ئىھسانئوغلۇنىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار مەسىلىسى مەسلىھەتچىسى سەيىد قاسىم ئەل ماسرى باشچىلىقىدا بىر ھەيئەت ئىشتىراك قىلدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىم سىياسىتىنى ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەلدىكى ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم.



ئارقىدىن سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتتى. سەيىد قاسىم ئەل ماسرى ۋە ئىشتىراكچىلار مەندىن نۇرغۇنلىغان سوئاللارنى سورىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار مىلادى 945 ـ يىلى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان، قاراخانلى دۆلىتىگە ئوخشاش ئەڭ كۈچلۈك مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرۇپ چىققان، ھەم دۇنيا مەدەنىيىتى ھەمدە ئىسلام مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان بىر خەلق. بۈگۈنكى كۈندە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى 20 مىليون نوپۇسى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، 1 مىليون 861مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق كەڭ كەتكەن زېمىنى بىلەن خىتاينىڭ ئەڭ سەزگۈر مەسىلىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى بىر خەلققە ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى كىشىنى ھەققەتەن ئويلاندۇرىدۇ ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

يىغىندىن كېيىن، ئۇلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇرۇمچى ۋەقەسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈشكە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، مەندىن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەدەنىيەت ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك دوكلات تەييارلاپ ئەۋەتىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايونىمىزغا بەرگەن ھەق ھوقۇقلىرى ۋە ئىجرائاتىدىكى مەسىلىلەرنى مەزمۇن قىلغان دوكلات تەييارلاپ ئەۋەتتىم.

## 2. 17. ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى: خىتاي ئۇيغۇرلارنى ئارقىدا قالدۇرۇۋاتىدۇ

ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى، ئۈرۈمچى ۋەقەسى ئۈستىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن بايانات ئېلان قىلىپ، ۋەقەنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇرمۇش پەرقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈردى.

باش كاتىپ پروفېسسور دوكتور ئەكمەلەددىن ئىهسانئوغلۇنىڭ مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار ئىشلىرى مەسلىهەتچىسى سەيىد قاسىم ئەل ماسرى باشچىلىقىدىكى ھەيئەت، 5-ئىيۇلدا رەسمىي مەلۇماتلارغا كۆرە 197 كىشى ئۆلگەن، 1700 ئادەم يارىلانغان ئۈرۈمچى ۋەقەسى ئۈستىدە بىۋاستە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈرۈمچىگە بارىدۇ.

ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولۇش مەقسىتىنىڭ ئىهسانئوغلۇ زىيارىتىگە ئالدىن تەييارلىق قىلىش، 5-ئىيۇل ۋەقەسىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن باشقا رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەهۋالىنى ۋە خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان ماسرى، بېيجىڭدا تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ باش ئەلچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ماسرى دەسلەپ خىتاي تاشقى ئىشلار خادىملىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىكى مەسئۇللار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۈرۈمچىدىن كېيىن تۇڭگانلار زىچ ئولتۇراقلاشقان نىڭشىيا ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۈەنگە بارغانلىقىنى قەيت قىلغان ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى ھەيئىتى باشلىقى، خىتايدىكى دىن ئەركىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىر سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

« خىتاي مەسئۇللىرىغا بەزى رايونلاردىكى چەكلىمىلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. نىڭشيادا ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرغاندا ئەركىنرەك مۇھىتنى ئۇچراتتىم. بەلكىم بۇنىڭغا قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىنكى سۈرلۈك ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.» ئۈرۈمچى ۋەقەسى مەسىلىسىدە تاشقى سەۋەبلەرنى تامامەن رەت قىلمايدىغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلغان ئەل ماسرى مۇنداق دەيدۇ: « مېنىڭچە، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان تۇرمۇش سەۋىيەسى جەھەتتىكى پەرقلەردىن ئىبارەت».

## 2-18. تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى زافەر چاغلايان ئۈرۈمچىدە

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ياڭ جېيچىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، 2009 - يىلى 29 - ئاۋغۇست شەنبە كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ بارغان تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى زافەر چاغلايانىنى خىتاي باش مىنىستىرى ۋېن جىياباۋ قوبۇل قىلىدۇ. ۋېن جىياباۋ بىلەن كۆرۈشكەن زافەر چاغلايان تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مۇقىملىقنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ.

زافەر چاغلايانىنىڭ خىتاي زىيارىتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە سەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. خىتاي زىيارىتىنى تۈگىتىپ، تۈركمەنىستانغا بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى ئايرۇدرومىغا كەلگەن چاغلايان،

ئايرۇدۇرۇم خادىملىرىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشقا قاتتىق غەزەپلەنگەن چاغلايانىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئايرۇدۇرۇم خادىملىرى ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىدۇ. بۇ ئىشقا قارىتا تۈركىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مۇرات ئەسەنلى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىرىپ نوتا بېرىدىغانلىقى ۋە تۈركىيەنىڭ كەچۈرۈم تەلەپنى يەتكۈزىدىغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەر تارقىلىدۇ.



**ئايرۇدۇرۇم خادىمى چاغلايىنى تەكشۈرمەكچى بولىدۇ**

5ـ ئىيۇل ۋەقەسىدىن كىيىن باش مىنىستىر رەجەپ تاييىپ ئەردوغانىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە خىتايغا بارغان تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى زافەر چاغلايانىنىڭ ئۈرۈمچى زىيارىتىدە سەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. خىتاي تەرەپكە ئالدىن مۇھىم شەخسلەر تىزىملىكى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئايرۇدۇرۇم خادىملىرى تۈرك ھەيئەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىدۇ. بۇ سەتچىلىككە مىنىستىر زافەر چاغلايان قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئارقىدىن يەنە خىتاي خادىمى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي چاغلايانىنى x_ray تەكشۈرۈش ماشىنىسىدىن ئۆتۈشكە بۇيرۇيدۇ. چاغلايان بۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ رەت قىلغاندا، ئايرۇدۇرۇم خادىمى چاغلايانغا قولىنى ئۇزارتىدۇ. چاغلايانىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئەلبىرۇز ئاقيول «تارت قولۇڭنى» دەپ ئايرۇدۇرۇم خادىمىنى بىسقتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. مىنىستىر چاغلايانىنىڭ ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى بېجىرىلىۋاتقاندا مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئاقيول

خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئارىسىدا قالىدۇ. خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىغا قول تەگكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشى جىدەلنى تېخىمۇ چوڭايتىۋېتىدۇ.

## بىزدىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك

خىتاي ئايرودرومى خادىملىرىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلايان، قېشىغا كەلگەن ئايرودروم خادىمىغا «ئالاھىدە پىكاپنى ئېلىپ كەلگۈچى بولماڭلار، ۋېلسىپىت بىلەن بارىمەن. زۆرۈر تېپىلسا پىيادىمۇ بارىمەن. سىلەردە ئالاھىدە پىكاپ نېمىمۇ قىلسۇن؟» دەپ خاپا بولىدۇ. چاغلايانىنىڭ «مەندىن چوقۇم كەچۈرۈم سوراشلىرى كېرەك. بولمىسا سېنتەبىر ئېيىدا چاقىرىلىدىغان قوشما ئىقتىساد كېڭىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرايدۇ. تۈرك ھەيئىتى ۋەزىيەتنىڭ بېسىقىشىنى كۈتۈۋاتقاندا، تۇيۇقسىز يەنە ئايروپىلانغا چىقىش ئىشىكىدە ئىككىنچى بىر سەتچىلىك يۈز بېرىدۇ. ئايروپىلان بېلىتىنى تەكشۈرىدىغان ئايروپىلان خادىمى چاغلايانىنىڭ ئايروپىلانغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. بۇ ئىشقا قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن چاغلايان ئايروپىلانغا مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئەمەس، مىنىبۇس بىلەن چىقىدۇ.

## خىتاي ھۆكۈمىتىنى قىزغىن سۆھبەت بىئارام قىلىدۇ

مىنىستىر چاغلايان، ئۈرۈمچىدە زىيارەتتە بولغاندا ئۇيغۇرلار چاغلايانىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. چاغلايان خان تەڭرى جامەسىدە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، كوچا ئارلاشقا چىقىدۇ. چاغلايان سودا-سېتىق قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇر ئۇششاق تىجارەتچىلەر بىلەن ناھايىتى قىزغىن مۇڭدىشىدۇ. چاغلايان قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزلىشىپ كېتىشى رايونلۇق ھۆكۈمەتنى ناھايىتى بىئارام قىلىدۇ. تۈركىيەنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى چاغلايانغا يەتكۈزىدۇ. تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا ئۈرۈمچى ئايرودرومىدا يۈز بەرگەن سەتچىلىكلەر «شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بىئاراملىقىنى ئايرودرومىدا سەتچىلىك پەيدا قىلىش بىلەن ئىپادە قىلىۋالدى» دەپ ئانالىز قىلىنىدۇ .

## خىتاي: باش مىنىستىر ئەردوغان، تۈرك-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ

ۋېن جياباۋ، دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرى زافەر چاغلايانىڭ باش مىنىستىر رەجەپ تايىپ ئەردوغانىنىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە خىتايدا زىيارەتتە بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، «چاغلايانىنىڭ بۇ زىيارىتى، باش مىنىستىر ئەردوغانىنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرىگە نە قەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدۇ.

مىنىستىر چاغلايان ۋە ھەمراھلىقىدىكى ھەيئەتنى بېيجىڭدىكى جۇڭ نەنخەي باش مىنىستىرلىك سارىيىدا قوبۇل قىلغان ۋېن جياباۋ، چاغلايانىنىڭ باش مىنىستىر ئەردوغانىنىڭ



ئالاھىدە ۋەكىلى سۇپىتىدە خىتايدا بولغانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، «خوش كەپسىز» دەيدۇ. سۆزىنى «بىز ئۆز-ئارا ھۆرمەت، باراۋەرلىك، پايدا-مەنپەئەت پىرىنسىپى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمىز» دەپ داۋاملاشتۇرغان ۋېن جىياباۋ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭمۇ تۈركىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

مىنىستىر چاغلايانمۇ باش مىنىستىر ئەردوغاننىڭ سالام ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دەيدۇ.  باش مىنىستىر ئەردوغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى قانلىق باستۇرۇشىغا ئەڭ كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرغان دۆلەت ئەربابى ئۇنۋانىنى ئېلىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تۈركىيە سودا ئىشلىرى مىنىستىرى زافەر چاغلايانىنى ئالاھىدە ۋەكىلى سۈپىتىدە خىتايغا ئەۋەتىشى، ئىنسانلارنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن سوئال پەيدا قىلىدۇ .

## ئۈچىنچى باپ
## 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر

### 3-1-تۈرك ھۆكۈمىتى 1998/36نومۇرلۇق مەخپىي ھۆججەتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ

تۈركىيە ھۆكۈمىتى 1998-يىلى 23-دېكابىردا  تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان1998/36 نومۇرلۇق ھۆججەتنى چىقارغان ئىدى. مەزكۇر ھۆججەت 5-ئىيۇل  ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن 2009/15 نومۇرلۇق ھۆججەت بىلەن مەخپىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.  خىتاي ھۆكۈمىتى ئون يىلدىن بېرى مەزكۇر مەخپىي ھۆججەتتىن پايدىلىنىپ تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئېلىپ بېرىلىشى پىلانلانغان نۇرغۇنلىغان پائالىيەتكە توسالغۇ بولۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپ كېلىدۇ. تۇنجى قېتىم 2002-يىلى دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىيات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى پىلانلانغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى» تېمىلىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا توسالغۇ بولۇپ ئاچقۇزمايدۇ. تۈركىيات ئىنستىتۇتى مۇدىرى مەرھۇم پىروفېسسور دوكتور جىھات ئۆزۈندەر قاتارلىق تەشكىلىي ھەيئەت كېڭىشى رىياسەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئەزا ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىنىڭ پۈتكۈل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تاماملاپ، ئېچىلىشىغا بىر نەچچە كۈن قالغاندا توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دوتسېنت

دوكتور ئەركىن ئەكرەم بوزغازئىچى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا لېكسىيە سۆزلەش ھەققىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، يەنە تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ت ر ت دىكى پىروگراممىلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

1998-يىلى مەسئۇت يىلماز ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ مەخپىي ھۆججەت تۈركىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ چەكلىنىشى، شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ ئېسىلماسلىقى، سىياسەتچىلەر ۋە دۆلەت كادىرلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.





### 3-2-ئەردوغان خىتاي ۋەكىللىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چېن دېمىڭ 2010-يىلى 7-يانۋاردا باش مىنىستىر رەجەپ تايىيپ ئەردوغان بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇچرىشىشتا، ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە كېلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەردىن ئىنتايىن

قايغۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئەردوغان، «خىتاي دۆلىتىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە بىرلا خىتاي دۆلىتىگە ھۆرمەت قىلىمىز. ئىجتىمائىي پۈتۈنلۈككە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىمىز» دەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇرۇق-تۇغقانلىقلىرى بارلىقىنى بىلدۈرگەن ئەردوغان، بۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋەت ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، ئۇيغۇرلارنى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق كۆۋرۈكى سۈپىتىدە كۆرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

چېن دېمىڭ شىنجاڭغا يېقىن بىر ئۆلكىدە رەئىسلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەنلىكى ئەسلىتىپ ئۆتۈپ، «ئاراڭلاردىكى رىشتىلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمىز. ئۇيغۇرلار ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دوستلۇق كۆۋرۈكىدۇر، 5-ئىيۇل ۋەقەسى سىرتقى كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مەيدانغا كەلدى» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم نۇقتا بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، تۈرك-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىدە تۇنجى قېتىم بىر خىتاي مىنىستىرىنىڭ « ئاراڭلاردىكى رىشتىلارغا ناھايىتى ھۆرمەت قىلىمىز. ئۇيغۇرلار ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دوستلۇق كۆۋرىكىدۇر» دېيىشى ئىدى. 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن باش مىنىستىر رەجەپ تاييىپ ئەردوغان خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

## 3-3- ئۈرۈمچى ۋەقەسى ياۋروپا پارلامېنتىدا

5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ھەققىي كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە بىريۇسسېلدا تۇنجى بولۇپ زىيارەتتە بولىدۇ. 22 - ئىيۇلدا رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدىكى 6 كىشىلىك ھەيئەت بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىدا، ياۋروپا پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى مەسئۇللىرى ۋە ئالاقىدار شەخسلەرگە 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە ئېرىشكەن مەلۇمات ۋە ئىسپاتلارنى دوكلات سۈپىتىدە تەييارلاپ، ياۋروپا پالامېنتىغا تەقدىم قىلىدۇ. رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا پارلامېنتىدىن ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئۈچۈن ھەيئەت ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياۋروپا پارلامېنتى مەسئۇللىرى ئۈرۈمچىدىكى مەيدانغا كەلگەن قانلىق ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە مۇۋاپىق قارار چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## 3-4- رابىيە قادىر خانىم ياپونىيەدە

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن، 28-ئىيۇلدا رەسمىي زىيارەت ئۈچۈن ياپونىيەنىڭ پايتەختى توكيوغا سەپەر قىلىدۇ. رابىيە قادىر خانىم 29-ئىيۇلدا توكيودىكى خەلقئارا پرېس سېنتېردا مۇخبىرلانى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ.




مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا ياپون ۋە چەتئەللىك بولۇپ جەمئىي 250 دىن ئارتۇق مۇخبىر قاتنىشىدۇ. 4 سائەت داۋاملاشقان يىغىندا مۇخبىرلار رابىيە قادىر خانىمدىن ئاساسلىقى 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە سوئال سورايدۇ. رابىيە قادىر خانىم بۇ قېتىمقى ياپونىيە زىيارىتىدە ياپونىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەر، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىللىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، 5-ئىيۇل ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ياپونىيە ھۆكۈمىتىنى ئۈرۈمچىگە تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىشكە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەيىبلەشكە چاقىرىدۇ. رابىيە قادىر خانىم دۇنيادىكى نوپۇزلۇق مەتبۇئات ئورگانلىرىدىن 250 مۇخبىر قاتناشقان بۇ قېتىمقى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە ناھەق قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى، دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ بىتەرەپ تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىپ ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ ھەققىي سانىنى ئېنىقلاپ چىقىشىنى، خىتايدا ئۆلۈم جازاسىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ياپونىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەر، شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق ۋەقەلەرنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى ئەندىشە ئىچىدە كۆزەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقلىرىنى دېيىشىدۇ .

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، رابىيە قادىر نۆۋەت بىلەن گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ھەققىي سەۋەبى ھەققىدە لېكسىيە بېرىدۇ.

### 3-5-رابىيە قادىر خانىم ياۋروپادا

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم ئىتالىيە تىرانس رادىكال پارتىيەسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىتالىيەنىڭ رىم شەھىرىگە كېلىپ، 2009-يىلى 21-نويابىردىن 22-نويابىرغىچە مەزكۇر پارتىيەنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. قۇرۇلتايدا سۆز قىلغان رابىيە قادىر خانىم ئىتالىيە تىرانس رادىكال پارتىيەسىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قوشۇپ كېلىۋاتقان ھەسسىلىرىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ ھەققىي سەۋەبى ۋە

ۋەقەدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە مەلۇمات بەردى. رابىيە قادىر خانىم سۆزىدە خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى توختىتىشى ئۈچۈن ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي دۆلىتىگە بېسىم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رابىيە قادىر خانىم يەنە مەزكۇر قۇرۇلتايدا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قارار لايىھەسىنىڭ ئىتالىيە پارلامېنتىدا ماقۇللىنىشى ئۈچۈن تىرىشقانلىق خىزمەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئىتالىيە ۋە ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىنىشى تەلەپ قىلدى. ترانس رادىكال پارتىيەسىنىڭ رىمدىكى باش مەركىزىدە چاقىرىلغان قۇرۇلتايدا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قارار لايىھەدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىنى بولۇپمۇ ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىشقا ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى.



5. ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرى كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە قاتنىشىش بىلەن ئەيىبلەپ تۇتقۇن قىلىپ، قاتتىق قىينايدۇ. بۇ ۋەھشىيلىك ھېلىھەم داۋاملاشماقتا. نويابىر ئېيىنىڭ بېشىدا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى باشلايدۇ.

### 3-6- ئۈرۈمچىدە 9 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى

شىنخۇا خەۋەر ئاگېنتلىقى، 2009-يىلى 9-نويابىردا ئېلان قىلغان خەۋىرىدە، 9 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى، لېكىن بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇمات بەرمەي، تەپسىلاتى ھەققىدە توختالمايدۇ.

ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كېلىپ 197 كىشىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان ۋەقەلەر سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغان 9 نەپەر ئۇيغۇرغا جىنايەت ۋە باشقا جىنايى ئەيىبلەشلەر تۈپەيلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، تۈركىيەدە چىقىدىغان رادىكال گېزىتى، يەنە 18 ئۇيغۇرنىڭ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقى، 20 ئۇيغۇرنىڭ سوتلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە، ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە ئۆلۈپ قەھرىمان ئېلان قىلىنغان چىنگاڭ ئىسىملىك

خىتاي ساقچىسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئەيىبلەنگەن مەمەت ئەلى ئىسلامنىڭمۇ بۇ 20 كىشى قاتارىدا بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

فرانسىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى بىر خەۋىرىدە، ئۇيغۇر رايونى ھۆكۈمەت باياناتچىسى خۇ شېنمىننىڭ باياناتىغا ئورۇن ئاجرىتىدۇ. خۇ شېنمىن باياناتىدا خىتاي ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارى بىلەن 9 نەپەر ئۇيغۇر مەھبۇسىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى دېگەن.

خىتاي ئالىي سوت مەھكىمىسى 2009-يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا 21 كىشىنى ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە قاتنىشىش بىلەن ئەيىبلەپ، 9 ئۇيغۇرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. قالغان مەھبۇسلارنى مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماققا ھۆكۈم قىلىدۇ.

بۇ ئادالەتسىزلىككە قارىتا بايانات ئېلان قىلغان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رېشىت، ئەگەر دۇنيا دۆلەتلىرى خىتايغا بۇ ئىشتا بېسىم ئىشلەتمىسە، خىتاينىڭ تېخىمۇ كۆپ ساندا ئۇيغۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### 3-7- ئۈرۈمچىدە يەنە 8 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ

خىتاي ھۆكۈمىتى، 8 نەپەر ئۇيغۇرنى ئەيىبلەپ 3-دېكابىردا بەش نەپەر ئۇيغۇرغا، 4-دېكابىردا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ.

شىنخۇا خەۋەر ئاگېنتلىقى، 4-دېكابىردا ئۈرۈمچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 3 ئۇيغۇرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، يەنە بىر ئۇيغۇرنى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلگەن ئېتنىك توقۇنۇشلار سەۋەبىدىن ھازىرغىچە 17 ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ، 2009-يىلى ئۆكتەبىردە بۇلاردىن 9 غا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەر سەۋەبىدىن جىنايەت، بۇلاڭ-تالاڭ، ئوت قويۇش، شەخسىي مۈلۈككە زىيان سېلىش قاتارلىق ھەر خىل جىنايى قىلمىشلار بىلەن جەمئىي 34 كىشى ئەيىبلىنىپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

### 3-8- يەنە 5 ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ

خىتاي، 5 ئۇيغۇرنى ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە قاتنىشىش بىلەن ئەيىبلەپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن بېرىلگەن باياناتقا ئاساسلانغاندا، 5 ئۇيغۇر «ناھايىتى ئېغىر جىنايەت سادىر قىلىش» بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. ئوخشاش دېلودا سوتلانغان يەنە 8 ئۇيغۇرغا مۇددەتسىز قاماق جازاسى، 4 نەپەر ئۇيغۇرغا 10 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.




ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان 5 ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى.

5-ئىيۇل ئۇرۇمچى قەتلىئامىدىن ھازىرغىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئۇيغۇرنىڭ سانى 22 گە يېتىدۇ.

## 3-9- 22 نەپەر ئۇيغۇر كامبودژادىن سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلدى

خىتايدىن كامبودژاغا قېچىپ كەلگەن 22 نەپەر ئۇيغۇر، كامبودژادىن سىياسىي پاناھلىق تەلەپ قىلدى. كامبودژا ھۆكۈمەت باياناتچىسى كىيۇ سوفىك، 4- دېكابىردا  بايانات بېرىپ، كامبودژاغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كۆچمەنلەر ئالىي كومىتېتىنىڭ ياردىمى ئاستىدا كامبودژا دائىرلىرىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

سوفىك، سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېنىق سانىنى ئۇقمايدىغانلىقىنى، سىياسىي پاناھلىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ب د ت كۆچمەنلەر ئالىي كومىتېتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرۈكنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ 22 نەپەر ئۇيغۇر سېنتەبىر ئېيىدا ۋېتنامغا كەلگەن، ۋېيتنامدا بىر مەزگىل پاناھلانغاندىن كېيىن، كامبودژاغا ئۆتۈپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن. 22 ئۇيغۇر ئىچىدە بىرى ئايال، 1 ياشلىق بىر بالا، 6 ئايلىق بىر بوۋاق بار ئىكەن. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسئۇللىرىدىن ئىلشات ئەپەندى 22 ئۇيغۇرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 5- ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىگە قاتناشقانلىقىنى ياكى نەق مەيداننى كۆرگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن تەقدىردە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## 3-10- 20 ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلدى

كامبودژا ھۆكۈمىتى 20 نەپەر سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە خىتاي ھۆكۈمىتى كامبودژا بىلەن 860 مىليون دوللارلىق سودا كېلىشىمى تۈزدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى

ئىلگىرى سۆرىدۇ. ب د ت ۋە ئامېرىكا بۇ ئىش سەۋەبلىك كامبودژانى ئەيىبلەيدۇ. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جياڭ يۈ، سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەيەرگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئوچۇق ئاشكارە ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزلىرىنى ئاقلاپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق. كامبودژغا ھېچقانداق مەنپەئەت كۆزلىمەستىن ياردەم قىلدۇق. 20 نەپەر پۇقرايىمىز دۆلىتىمىز ۋە كامبودژا چېگرىسىدىن قانۇنسىز ئۆتۈپ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش سادىر قىلىشتى. مېنىڭچە ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ بۇنداق ئەھۋالدا ئۆز قانۇنلىرىغا ئاساسەن قارار بېرىش ھوقۇقى بار. بۇ بىزنىڭ ئىچكى ئىشىمىز ھېسابلىنىدۇ.»

19-دېكابىردا كامبودژادىن خىتايغا قايتۇرۇۋېتىلگەن 20 نەپەر ئۇيغۇردىن ھازىرغىچە خەۋەر ئېلىنالمايۋاتىدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، بېيجىڭدىن كامبودژانىڭ خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن 20 ئۇيغۇرنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىشنى تەلەپ قىلدۇ.

ئارىسىدا ئىككى كىچىك بالىمۇ بولغان 20 ئۇيغۇرنىڭ قىيىن قىستاققا ئېلىنىشىدىن، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىدىن ئەندىشە قىلىنىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلدۇ.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2001-يىلىدىن بېرى سىياسىي پاناھلىق تىلەپ مەجبۇرىي خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى،ھەتتا بىر بالىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتكەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل سام زارىفى، خىتاينىڭ ھازىرغىچە 9 ئۇيغۇرغا ئۇرۇمچىدىكى ۋەقەلەرنى باھانە قىلىپ ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى قەيت قىلدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ، ب د ت مۇتەخەسسىسى مانفرېد نوۋاك، كامبودژانىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىپ خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ كىشلەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

19- دېكابىردا كامبودژا ھۆكۈمىتى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن 20 ئۇيغۇرنىڭ ئىسىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1-ئابدۇغېنى ئابدۇلقادىر ۋە ئائىلىسى
2-ئابدۇلقادىر شاھىدە
3-ئابدۇلقادىر مەيمۇنە
4-ئابدۇغېنى خېلىل
5-ئابدۇغېنى قاسىم
6-ئەلى ئەخمەت
7-ئابدۇلقادىر بىلال
8-ئەلى نۇر
9-ئەخمەت ئەلى
10-ئىبراھىم مەھمۇت
11-ھەزرەتئەلى ئۆمەر
12-ئىسلام ئۇرايىم

13-قۇربان قاۋۇل
14-مەھمۇت بىلال
15-مەھمۇت ئەلى
16-مۇھەممەد مۇسا
17-مۇتەللىپ مەھمۇت
18-ئۆمەر مۇھەممەد
19-تۇنىياز ئەكبەر جان
20-تارىق مۇھەممەد

يۇقىرىدا ئىسمى دەپ ئۆتۈلگەن 20 نەپەر كىشى قانچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن كامبودژاغا قېچىپ كېلىپ، سىياسىي پاناھلىق تىلەش ھوقۇقىنى ئىزدەپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئىدى.

**3-11-ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر**

خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن بېرى بولۇپمۇ 1949-يىلدىن بۇيان بىر تەرەپتىن بېسىم سىياسىتى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا كۈچەپ كەلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» دېگەن قۇرۇق شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنى «ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا» شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمىدى. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» شوئارى شوئار پېتىلا قالدى. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان دەسلەپكى يىللاردا ئۇيغۇرلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، 1957- يىلى خىتاي مىقياسىدا باشلىغان «يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى» نامىدا شەرقىي تۈركىستان زىيالىيلىرىنى خالىغانچە تۇرمىغا تاشلىدى ياكى ئۆلۈم جازىسى بېرىپ يوشۇرۇن قەتلىئام ئېلىپ باردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىتايلارنىڭ ھەققىي ئەپتى بەشىرىسى ئاشكارە بولۇشقا باشلىدى. 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ 6%نى تەشكىل قىلىدىغان خىتاي نوپۇسى 50 يىل مابەينىدە ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ يەرلىك خەلقتىنمۇ ئېشىپ كەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى 1966- يىلى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئاسسىمىلىياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى تېخىمۇ تېزلەشتۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى تەشۋىقاتلىرىدا داۋاملىق خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىقىنى تەكىتلەپ كەلسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىجرائاتلىرىدىكى بېسىم سىياسىتى ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق قىلمىشلىرى بۇ ئىككى خەلقنى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ ئۇزاقلاشتۇرماقتا. 5- ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىمۇ دەل بۇ بېسىم سىياسىتى ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق سىياسىتى نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان. 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن مەڭگۈ بىرگە ياشىيالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ھال كۈنى ئوبدانراق ئۇيغۇرلار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشاشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ. لېكىن 5 - ئۈرۈمچى

ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاينىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشاشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. تۆۋەندە قەيت قىلماقچى بولغان بايانلارنىڭ بۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

### 3ـ12ـ ئۇيغۇرلار ھىندىستانغا ئۆتۈشنىڭ يولىنى ئىزدىمەكتە

ھىندىستان ۋاقىتلىق (The Times Of Indiaى) گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ھىندىستانغا ئۆتۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە» سەرلەۋھىلىك ماقالىدە شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ سۆزلىرىگە ئورۇن ئاجرىتىدۇ.

ماقالە مۇنداق باشلايدۇ: «ئىبراھىم يېڭى كومپيۇتېر سېتىۋېلىپ، ئىنتېرنېت سودىسىغا مەبلەغ سېلىشنى ئەمدىلا باشلىغان كۈنلەردە، 5 ـ ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنتېرنېتنى تامامەن كېسىپ تاشلايدىغانلىقىنى قەتئىي ئويلاپ باقمىغان ئىدى. تېخى ئالدىنقى كۈنى يەنى 4ـئىيۇلدا ئۈرۈمچىدە ئىنتېرنېت شۇنداق راۋان بولۇۋاتاتتى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئېچىۋاتقان سودىسىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋنىڭ گ 8 يىغىنىدىن جىددىي ئايرىلىپ خىتايغا قايتقاندىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشى 20 مىليون نوپۇسقا ئىگە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنتېرنېت لىنيەسىنى تاقاتقۇزۇۋېتىش بولدۇ. ئىبراھىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنتېرنېت ۋاستىسى بىلەن سودا قىلىۋاتقان قانچە يۈزلىگەن شىركەت ۋەيران بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قوللايمىز، دېگىنى مۇشۇنداق بولامدۇ؟ مەن ھىندىستانغا بېرىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىۋاتىمەن. لېكىن ھازىر ھىندىستان چېگرىسى خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قاتتىق قوغدالماقتا. قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرى 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ئەسناسىدا يوقاپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلار ھېچ قانداق ئىشقا ئارىلاشمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يېشى تېخى كىچىك بولسىمۇ لېكىن دىنىغا ساداقەتمەن مۇسۇلمانلاردىن ئىدى».

مەزكۇر گېزىتتە 2009ـيىلى 11ـنويابىردا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ماقالىدە ئىبراھىم ئىسىملىك بۇ كىشىنىڭ 5ـئىيۇل ۋەقەسىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئويلىغانلىرىغا ئورۇن بېرىلگەن. ماقالىدە ئۇنىڭ پۈتكۈل بار يوقىنى ئىنتېرنېت سودىسىغا مەبلەغ سېلىپ 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى سەۋەبلىك ۋەيران بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ قەشقەردىن باشقا يەردە ياشاشنى ئويلاپمۇ باقمىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆيدىكىلەرگە خىتايچە ئۆگىتىپ كۈندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقان خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ياشىشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئىبراھىم بۇ ھەقتە مۇخبىرغا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىلگىرى مەن جامەلەرنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان "دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى جامەگە كىرىشى چەكلەنگەن" دېگەن خەتنى ئوقۇغاندا، ئۇنداقتا بوپتۇ، جامەگە كىرەلمىسەك، بازارغا بېرىپ بولسىمۇ پۇل تاپاي» دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. لېكىن ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. قىيىن قىستاقلارغا

ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەتتا مەن بۇ بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قىلىشتىنمۇ ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن».

مەزكۇر ماقالىدە غۇلجا ۋەقەسىگە قاتنىشىش بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان 12 يىل تۈرمىدا ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن تۇيغۇن ئىسىملىك بىرىنىڭ ھاياتىغىمۇ ئورۇن بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق يېزىلىدۇ:

«يەنە بىر ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئىسمى تۇيغۇن، ئۇ 12 يىللىق تۈرما ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە، ئايالى ئۇنى تونىيالمىغان. چۈنكى ئايالىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقى كېلىشكەن ئېرى ئەمەس، مېيىپ بولۇپ قالغان ھالىدىن كەتكەن ئېرى تۇراتتى. ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇيغۇن ئىلگىرى شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت بولۇپ، غۇلجا شەھىرىدە سودا قىلىدىكەن. لېكىن ئۇ 1997-يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىگە قاتنىشىش بىلەن ئەيىبلىنىپ 12 قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ».

مەزكۇر ماقالىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئىبراھىم ئىسىملىك كىشىنىڭمۇ دېگىنىگە ئوخشاش، ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇرچە ۋە دىنى ئىبادەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، شۇنىڭغىمۇ رازى بولۇپ كۈندىن-كۈنگە زورىيىۋاتقان خىتاي دۆلىتىدە خاتىرجەم ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان قاراش ھۆكۈمران ئىدى، 5- ئىيۇلدا كۆپ ساندا بىگۇناھ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشى، كۆپ ساندا ياشنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قارىشىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل قاراشنى ياقلايدىغانلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپ ئىدى. 5- ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىدىن كېيىن بۇ خىل قاراشتىكى ئۇيغۇرلارمۇ مۇستەقىللىق پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سېپىگە قاتنىشىپ ئاكتىپ خىزمەت قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

### 3-13-ئامېرىكىلىق مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى

ساياھەت قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا بارغان بىر ئامېرىكىلىق مۇخبىر ئۇرۇمچى ساياھىتى ھەققىدە يازغان ساياھەت خاتىرىسىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«مەن ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدا بازار چۆگىلەۋاتاتتىم. تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئۇيغۇر قېشىمغا كېلىپ بىر نەرسىلەرنى دەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئامېرىكا دېگەن گېپىنىلا چۈشەندىم. مەن خىتايچە ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئۇ ئادەم ماڭا «خىتايچە بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟» دېدى. مەن «ھەئە بىر ئاز بىلىمەن» دېدىم. قېشىدا 8 ياش ئەتراپىدا بىر ئوغلى تۇراتتى. ئۇ ئادەم ماڭا، « سىز ئامېرىكىلىقمۇ؟.. سىزگە مۇنداق دېمەكچىمەن». ئۇ كوچىلارنى تولدۇرغان خىتايلارنى كۆرسىتىپ «ئۇلارنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىش يولىدا مەن ئۆلۈم كەتسەم، ئورنىغا ئوغلۇم چىقىپ ئىنتىقامىمنى چوقۇم ئالىدۇ» دەپ ئوغلىنى كۆرسەتتى. «ئامېرىكىلىقلار بىزگە ياردەم قىلسا شۇنداق ياخشى بولاتتى» دېدى... مەن ئۈرۈمچىدە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر-بىرىگە ھاقارەت قىلغانلىقلىرىنى، ھەتتا جېدەل قىلغانلىقلىرىغا شاھىت بولدۇم. ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىدە ئاز بولسىمۇ، مۇبادا كوچىدا بىر خىتاي بىلەن بىر ئۇيغۇر مۇشتلىشىپ قالسا، ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشتلاشقان

ئۇيغۇرغا ياردەم قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى خىتايلارغا ئەسلىتىپ تۇرىدۇ.»

خۇلاسىلىغاندا، خىتاي رەسمى ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 197 كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان، 2000دىن ئارتۇق كىشى تۇتقۇن قىلىنغان ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئىلگىرى سۈرگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا بولسا 10000 دىن ئارتۇق كىشى يوقاپ كەتكەن، 3000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 60 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان دەۋىر خاراكتېرلىك قوزغىلاڭ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقە، خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يەنە بىر قېتىم دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلاپ بەردى، ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشى، دېسەك ھەرگىزمۇ مۇبالىغە قىلىنغان بولمايمىز.

## 4-باپ

## ھازىرقى باسقۇچ قانداق شەكىللەندى؟

شەرقىي تۈركىستان خەلقى قاچانكى ئاجىز ۋە پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالسا، خىتايلار شۇنچە ۋەھشىيلىشىپ زالىملىشىپ كېتىدۇ. 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشغالىيەتچى كوممۇنىست خىتاي ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ۋاڭ جېن «بىز شىنجاڭ خەلقىگە قەرز قايتۇرۇشقا كەلدۇق، گومىنداڭنىڭ سىلەرگە قىلغان زۇلۇملىرىنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۇلارنىڭ قەرزنى قايتۇرىمىز» دېيىش ئارقىلىق «شىنجاڭغا ياردەم» شوئارى ئاستىدا كېلىدۇ. كوممۇنىست خىتاي ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىشتىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆرپ ۋە ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلارنى قاتتىق جازالاندۇرۇلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىدۇ. گەرچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئايرۇپىلان ۋەقەسى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان بولسىمۇ، قالغان مىللىي ئارمىيەمىز خىتايلارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى.



خىتاي ھاكىمىيتى يەرلىك خەلققە تۇتقان ھەر بىر مۇئامىلىسىگە ئىنتايىن دىققەت قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى خىتاي ھاكىمىيتىنى مۇشۇنداق ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرۈشكە مەجبۇر قىلغان نەرسە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تولۇق قوراللانغان 40000 كىشىلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى ئىدى. خىتاي ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستاندا بىر قەدەمنى خاتا قەدەم تاشلاپ قالغان تەقدىردە مىللىي ئارمىيەنىڭ بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. خىتايلارنىڭ شەرقى تۈركىستانلىقلارغا ھۆرمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە دەل مىللىي ئارمىيەمىز ئىدى. ۋاڭ جېن، مىللىي ئارمىيەمىزنى ئۆز قىسىملىرىغا قوشۇۋېلىپ، ئەسكەرىسىز قالغان قوماندانلىرىمىزنى ئۈستۈرۈش باھانىسى بىلەن مىللىي ئارمىيەمىزنى تامامەن كونترول قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتايلارنىڭ سەممىيلىكىگە ئىشەنگەن رەھبەرلىمىز، ئالدىراپ خوشال بولغان زىيالىلىرىمىز ۋە خەلقىمىز بېشىغا ھەر قېتىم قىيىن كۈن كەلگەندە ئېغىر ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئارمىيەسىز خەلق پادىسىز چوبانغا ئوخشايدۇ.

ۋاڭ جېن ئارمىيەنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ھەممىدىن مۇھىمى ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق مىللىي رەھبەرلەرنى ۋە جامائەت ئەربابلىرىنى نىشانغا ئېلىپ، ئاستا-ئاستا ئۇلارغا بۆھتان چاپلاپ قالپاق كىيدۈرۈشكە، ئەنئەنىۋى خىتاي ئۇسۇلى بىلەن ئۆز يېغىمىز بىلەن ئۆز گۆشىمىزنى قورۇشقا باشلايدۇ. 1959- يىلغىچە ھەر تۈرلۈك سىياسىي ھىيلە-مىكرلەر بىلەن مىللىتىمىز ئارىسىدىن چىققان قىممەتلىك ئادەملىرىمىز يوقىتىلىدۇ. ھاياتتا قالغانلار بولسا يۇرتلىرىدىن قوغلىنىپ ئۇزاقلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ۋەتەنىنىڭ، بۇ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، شان-شەرىپىنى كۆتۈرىدىغان كۈچ ۋە قەلەمدىن ئىبارەت ئىككى ئېسىل نەرسىنى

تامامەن يوق قىلالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خىتاي ھاكىمىيىتى ھەققىي ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىززەت ئابرۇيىغا تېگىدىغان بارلىق رەزىللىكلەرنى قىلىدۇ. 1959- يىلدىن باشلاپ، خىتاي ئاققۇنلىرى ۋەتىنىمىزگە سەل بولۇپ ئېقىشقا باشلايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاشلىقلىرى تونىلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەچكە. يۈز مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، ھەتتا كۆمۈلۈشكە نۆۋەت تەگمىگەن نۇرغۇنلىغان جەسەت داغۇ دەشتىلەردە، چۆل باياۋانلارغا قۇشلارغا يەم بولىدۇ. 1962- يىلى پەقەت باي ناھىيەسىدىلا 20000دىن ئارتۇق كىشى ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، خەلقىمىزنى كۈندە 18 سائەت ھاشارغا تۇتۇشقا، دىنىمىزغا، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە ۋە تارىخىمىزغا ئوچۇق ئاشكارە ھاقارەت قىلىشقا باشلايدۇ. شەھەر خەلقى مەجبۇرىي يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ شەھەرلەر خىتاي ئاققۇنلىرى بىلەن توشقۇزۇلىدۇ. 1944- يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشقان غۇلجا، چۆچەك ۋە ئالتاي خەلقى ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىپ، يۇرتلىرىنى تاشلاپ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىمۇ ئاز كۆرگەن خىتاي ھۆكۈمىتى 1962- يىلى قورال كۈچى ئىشلىتىپ پۈتكۈل خەلقنى يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇرلايدۇ. بىر ئاي ئىچىدە 100مىڭ دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق غەربى تۈركىستانغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1944-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن خىتايلار مۇشۇنداق رەزىل ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ ئىنتىقام ئالىدۇ. قۇرۇقداپ قالغان شەھەرلەر، يېزىلار، يايلاقلارغا خىتاي ئاققۇنلىرى ئولتۇراقلىشىپ تەييارغىلا ئىگە بولىدۇ. مىللىي غۇرۇرىمىزنى دەپسەندە قىلىش، مىللىي مەۋجۇتلىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا يولغا قويۇلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر بىر كۈنمۇ توختاپ قالغىنى يوق. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يالغاندىن «بۆلگۈنچى، ئىنقىلابچى» تەشكىلاتلار ئويدۇرۇلۇپ چىقىپ، كېيىنكى 20 يىللىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەردىن ساق قالغان، خىتايلارنىڭ تەبىرى بويىچە «توردىن چۈشۈپ قالغان» زىيالىرىمىز ۋە يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىز قاتتىق خورلۇققا ئۇچراپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھاياتتا قالغانلار تۈرمىلارغا سولىنىپ قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىنىدۇ.

ئەزىمەت ئەپەندى ئىستىقلال كۈرىشى ناملىق ئەسەردە، 1970-يىللاردىكى ۋەقەلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «خىتاي ھۆكۈمىتى 1970- يىلى ئاپرېل ئېيىدا ئۈرۈمچىدە بىركۈن ئىچىدىلا 74 كىشىنى سوتقا تارتىنماستىنلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئىجرا قىلىشى دۆلەت تېررورىزىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىدى». شەرقىي تۈركىستان خەلقى زالىم بىر خىتاي پۇقراسىغىمۇ چېقىلمىغان، خىتاينىڭ يوقىتىش سىياسىتىگە ھېچ جاۋاپ قايتۇرمىغان، قويدىنمۇ ياۋاش بولۇپ كەتكەن بىر مەزگىلدە، خىتاي ھاكىمىيىتى نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا زالىملىشىدۇ، نېمىشقا بۇنچىلىك كۆپ بىگۇناھ ئىنسانىنى ئۆلتۈرىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ بۇ بىر قاتار سوئاللارغا بەزىلەر «بۇ خىلدىكى سىياسىي ۋەقەلەر خىتاينىڭ ھەممىدە ئوخشاش يۈز بەردى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە خىتاي خەلقىمۇ ئوخشاش زۇلۇم چەكتى» دەپ جاۋاب بېرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچىۋالا ئاددى ئەمەس. خىتاي خەلقى يالغۇز سوتسىيالىست تۈزۈمنىڭلا زىيانكەشلىكىگە

ئۇچرىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى سوتسىيالىست تۈزۈمنىڭلا زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قالماستىن، بىر مىلياردتىن ئارتۇق خىتاي خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى بىرلىكتە توشۇشقا مەجبۇر قىلىندى. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى، بۇمۇ يەتمىگەندەك ۋەتىنىنى خىتايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق گۇناھى بولمىغان بۇ بىچارە خەلقنىڭ باشقا مىللەت بولۇشى ئۈلارنىڭ كەچۈرگىسىز گۇناھى بولۇپ قاتتىق زۇلۇم چېكىشى ئىدى.

1957-يىلىدا خىتاينىڭ قايسى يېرىدە مىللەتچىلىككە قارشى يوقىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى؟ پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىلا بۇ ۋەھشىيلىك يۈز بەردى. خىتايلار مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئىچكى موڭغۇلىيەدىمۇ بۇ يوقىتىش سىياسىتىنى ئېلىپ بېرىشقا پېتىنالمىدى. تىبەت بولسا ئۇ مەزگىللەردە خىتايلار قەدەم باسمىغان پاكىز مەملىكەت ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خىتاي مەسئۇللىرى خالىغانچە ئوۋ ئوۋلاپ خۇمارىنى چىقىرىدىغان ئورمانغا ئايلىنىپ قالدى.

خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاتار قاتارلىق يەرلىك خەلقلەرنىڭ زىيالىلىرى، دىنى ئۆلىمالىرى، جامائەت ئەربابلىرى بولۇپ قانچە يۈز مىڭلىغان كىشىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىنى تۆكۈش ئۈچۈن خالىغانچە سوراققا تارتىپ، قاتتىق قىيىن قىستاققا ئېلىپ ئىنسانلىق غۇرۇرىغا ئېغىر ھاقارەت قىلدى.  قانچە مىڭلىغان ئىنسانغا مىللەتچى قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ ناھەق تۈرمىلارغا تاشلاندى. چوڭ خىتاي مىللەتچىلىكى بىلەن ئەيىبلەنگەن ياكى جازالاندۇرۇلغان بىرەر خىتاينى ئاڭلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولسىڭىز دەلىل ئىسپاتى بىلەن كۆرسىتىڭ. 1959- يىلى باشلىغان « Şiu Ceng Cuyiya قارشى كۈرىشى» تاھ 1976- يىلى ماۋ زېدۇڭ ئۆلگۈچە داۋاملاشتى. Şiu Ceng Cuyiyaنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىدىنمۇ خەۋىرى يوق نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئىنسان بۇ ئىشقا چېتىلىپ جازالاندۇرۇلدى. 1979-يىلىدىن كېيىن خىتاي ھاكىمىيىتى ماركسىزىمنى تاشلاپ ئاستا-ئاستا دۇنيا رېئاللىقلىرىنى كۆرۈپ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسىتىنى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرتىشكە باشلىدى. لېكىن بېيجىڭ ئۆزگەرتمىگەن بىرلا سىياسەت بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى نادان قالدۇرۇپ يوقىتىش قىلىۋېتىش ئىدى. يوقىتىش سىياسىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەمەلىي ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: خەلقنى جاسۇسلۇق بىلەن ئەيىبلەش، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇش، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلارنى بۇلاڭ تالان قىلىش، يادرو قالدۇقلىرى بىلەن زەھەرلەش، خەلقنى بېسىقتۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ جەھەتتىكى ھەق ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇش قاتارلىقلار. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ كۆچمەن ئاققۇن دولقۇنىدا خەلقىمىزنى تۇنجۇقتۇرۇپ يوقىتىش سىياستى پىرىنسىپ جەھەتتىن قەتئىي ئۆزگەرگىنى يوق. ئەگەر ئۆزگەردى، دېيىشكە توغرا كەلسە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1950-يىلىدىن 1980-يىلىغىچە «شىنجاڭغا ياردەم» شوئارى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ، قايمىقىنى ئىچكەنلەر، 1980-يىلىدىن كېيىن، «شىنجاڭنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈش» شوئارى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىي بايلىقلىرى، قىسقىسى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە تەۋە پۈتكۈل مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقلارنى رەت قىلىپ، مۇستەملىكىنىڭ ئەڭ رەزىل ۋاستىسىنى ئىشلىتىپ، يەرلىك خەلقنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشى ئىدى. خىتاي ھاكىمىيىتى

بۇنچىلىك ئېغىر دەرىجىدىكى زۇلۇم، بېسىم، نەپرەت، ئۆچمەنلىك، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى 60 يىلدىن بېرى يەرلىك خەلققە يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. خىتاي جاللىتى شىلىڭ شىسەيىنىڭ تەبىرى بويىچە «ئالتۇن قاچىنى كۆتۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلغان بۇ خەلق» دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلارغا ئىگە بولۇشىنىڭ ئەكسىچە، دۇنيادا ھېچقانداق مىللەت كۆرۈپ باقمىغان نامراتچىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئاسارەتكە چۈشكەن ئۇ كۈندىن باشلاپ، سىياسىي ھوقۇقتىن تامامەن مەھرۇم قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە مەجبۇرىي "كوممۇنىست پارتىيەگە مىڭ مەرتە رەھمەت" دېگۈزۈپ مەسخىرە قىلىشتى. شەرقىي تۈركىستان خەلق ئەمدى بۇنچىلىك ئېغىر زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرىدىغان كۈچى قالمىدى.»

### 4-1-شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى: بارىن قوزغىلىڭى

بارىننىڭ ئەسلى نامى كونا قورغان بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق، نوپۇسى 19650 ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپىنچىسىنى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تەشكىل قىلىدۇ. بارىن خەلقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، 1982- يىلىغىچە كىشى بېشىغا چۈشكەن مىللىي دارامەت 180 سومدىن ئاشمىغان.

بارىن خەلقى نامراتچىلىقنى مەزمۇن قىلىپ مۇنداق قوشاق توقىغان:

**بىزنىڭ يۇرتنىڭ بالىلىرى ھەر نېمە دەيدۇ؟**
**30 جىڭنى 60 ئۆلچەپ تويغۇچە يەيدۇ،**
**ئايەت قىلىپ كىتاپ قىلىپ بىر ئوقۇغاننى،**
**ئوقۇساق ئوقۇساق پايدا بولمايدۇ.**

خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇ قوشاق بارىن خەلقىنىڭ نە قەدەر نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قوشاقنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «يۇرتىمىزنىڭ بالىلىرى ھەر نەرسىنى دەۋېرىدۇ، 15 كىلو ئۇننى 60 مەرتە ئۆلچەپ تويغۇچە يەيدۇ، (ماۋزېدوڭنىڭ) كىتابىنى نەچچە مىڭ قېتىم ئوقىساقمۇ قورسىقىمىز تويمايدۇ.»



1990-يىلى 5- ئاپرېلدا مەشهۇر بارىن قوزغىلىڭى، يەنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ تەبىرى بويىچە «بارىن بۆلگۈنچى قوراللىق توپىلىڭى» پارتلايدۇ.

ۋەقە ھەققىدە ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەيلاڭ چەتئەل مەتبۇئاتلىرىغا مۇنداق بايانات بېرىدۇ.

«بارىندا مەيدانغا كەلگەن بۆلگۈنچى قوراللىق توپىلىڭى بىر ئوچۇم بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن تەشكىللىك، پىلانلىق ۋە غەرەزلىك شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق توپىلاڭدۇر. بۇ بۆلگۈنچىلەرنىڭ غەرىزى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنى يىقىتىپ تاشلاپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت».

بارىن قوزغىلىڭى ئەسلىدە مۇنداق پارتلايدۇ. زەيدىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى 200 كىشى 1990-يىلى 5-ئاپرېل كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 ئەتراپىدا قولىغا قول ئېلېكتىر ئېلىپ ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ ۋارقىراپ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا كېلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا بامدات نامىزى ئوقۇغاندىن كېيىن، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىكى تەلەپلىرىنى يەتكۈزىدۇ:

**«ھۆكۈمەت ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. ھازىر يېزىمىزدا 250 ئايالنىڭ مەجبۇرىي بالىسى ئالدۇرۇۋېتىلدى. (1989-يىلىدا بىر يىل ئىچىدە كىچىك بىر يېزىدا ئېلىپ بېرىلغان ھامىلدار ئايالLار مەجبۇرىي قىلىنغان ئوپېراتسىيە سانى 250). بۇ قاتىللىققا كىرمەمدۇ يوق؟ نېمە ئۈچۈن بۇلارنى قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەيدۇ؟ خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم بىر پويىز كېلىدۇ، بۇ پويىزدا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى خىتايلار. بىز يەرلىك خەلققە پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى**

**مەجبۇرىي يولغا قويۇشنىڭ ئورنىغا خىتايلارنى يۇرتىمىزغا يۆتكىمىسىلا بولمىدىمۇ؟ بىز ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ خىتايلارنى زېمىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز. پىلانلىق تۇغۇت سىياستى دەرھال توختىتىلسۇن!ۋەتىنىمىزگە خىتاي كۆچمەنلىرى يۆتكەپ كېلىنمىسۇن! خەلقىمىز زىممىسىدىكى باج يىنىكلىتىلسۇن، بىز دېموكراتىيە تەلەپ قىلىمىز. ئېزىلىشنى، خورلىنىشى ۋە يوقىلىشى قەتئىي خالىمايمىز...»**

بارىن ياشلىرىنىڭ بۇ يوللۇق تەلەپلىرىنى ئاڭلىغان بارىن يېزىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى تۇرسۇن دەرھال بۇ ئىشنى مەركەزگە تېلېفون قىلىپ چېقىشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت بۇ ئىشنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر رايونلۇق ئارمىيە قوماندانلىقىغا يوليۇرۇق بېرىدۇ. قوماندانلىق 62 ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان ئالاھىدە ھەرىكەت قىسمى ئەۋەتىدۇ. ئارقىدىنلا 130 كىشىلىك زاپاس ئەسكەر ئەۋەتىلىدۇ. ئەسكەرلەر يوللۇق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ بىگۇناھ ياشلىرىمىزغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، 2 پەرزەنتىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن ياشلار دەرھال تارقىلىپ كېتىدۇ. خىتاي ئەسكەرلىرى نامايىش ئۆتكۈزگەن بۇ ياشلارنى دەرھال ئىزدەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىر مەھەل توقۇنۇشىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە، 6 پىداكار پەرزەنتىمىز بىلەن 42 يەرلىك ئۆلىدۇ، 193 كىشى يارىلىنىدۇ. نامايىشچىلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پۈتكۈل ناھىيە مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ كېتىدۇ...

ۋەقەنىڭ ئىككىنچى كۈنى خىتاي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەردىكى رايونلۇق ئارمىيە قوماندانلىقىدىن ھاۋا، قۇرۇقلۇق ۋە توپچى قىسىملىرىدىن تەشكىل تاپقان 3000 كىشىلىك ئالاھىدە قىسىم بارىنغا ئەۋەتىلىدۇ. پۈتۈن يوللار قامال قىلىنىپ، بارىنغا ھاۋادىن، قۇرۇقلۇقتىن ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ كۈنى 150 كىشى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، 200گە يېقىن كىشى ئېغىر يارىلىنىدۇ. 10 ئايپرىلغىچە داۋاملاشقان بۇ توقۇنۇشتا 3000گە يېقىن كىشى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. 200گە يېقىن كىشى قولغا ئېلىنىپ 10 يىلدىن 25 يىلغىچە قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بىر قىسمى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

خىتاي دۆلەت رەئىسى جىياڭ زېمىن، باش مىنىستىر لى پېڭ، خىتاي ئارمىيە باش قوماندانلىق ئىشتابى مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ خۇچىڭ قاتارلىقلار خىتاي دۆلەت ئەربابلىرى بارىن ۋەقەسىنى باستۇرۇشقا بىۋاستە قول تىقىدۇ.

قىسقىسى، بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خىتاي ھاكىمىيىتى كىچىككىنە بىر يېزىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەدە 3000دىن ئارتۇق كىشىنى قەتلىئام قىلغىنىغا قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىنكى 150 يىل ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەقەدە قانچىلىك كىشىنى قەتلىئام قىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىش ئۇنچىۋالا قىيىن ئەمەس.

## 4-2-غۇلجا ۋەقەسى (1997-يىلى 5-فېۋرال)

بارىن قوزغىلىڭى مەيدانغا كېلىپ ئارىدىن 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1997-يىلى 5-فېۋرالدا غۇلجا شەھىرىدە قەدىر كېچىسىدە ئۆيلىرىدە نورمال ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشلەر ساقچىلار تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا تۇتۇلۇپ، ساقچىخانىدا قاتتىق قىيىن قىستاققا ئۇلۇپ كېتىدۇ. كېيىن بۇ كىشلەرنىڭ جەستى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئائىلىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق قاتتىق غەزەپلىنىپ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىدۇ. ئۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ يېقىن-يورۇقلىرى ۋە بىر تۈركۈم كىشلەر ھۆكۈمەتكە دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭىدۇ. يولدا بۇلارنىڭ سېپىگە نۇرغۇن ئادەم قوشۇلىدۇ. بۇلار باشقا مەقسىتىنىڭ يوقلىقىنى پەقەت دەردىنى ھۆكۈمەتكە ئېيتىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كىچىك باللار بىلەن ئاياللارنى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرىدۇ. لېكىن  رەھىمسىز خىتاي ساقچىلىرى سەپنىڭ ئالدىكى سەبى باللارغىمۇ قارىماستىن، نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. ۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭىيىپ كېتىپ توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قولدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەتتا خىتاي ساقچىلىرى غۇلجا شەھىرىدىكى پۈتكۈل ئۆيلەرنى بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ، ۋەقەگە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان بولسۇن ئۇچرىغانلا ياشلارنى تۇتۇپ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بەزىلىرىنى تۈرمىغا سولايدۇ. بۇ كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە تۇتۇلغان نۇرغۇنلىغان ياشلار يوقاپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل تۈرمىلار ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، كۆپلىگەن مەكتەپلەر تۈرمىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. خىتاي ساقچىلىرى تۇتقۇن قىلغان ياشلارنى گىرادۇسى نۆلدىن تۆۋەن بولغان سوغۇق ئۆيلەرگە قاماپ قويىدۇ. نۆلدىن تۆۋەن 30 گىرادۇستا ئېغىر زەخىملىنىپ يەردە يېتىپ قالغان ياشلارنىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ تۆكۈپ توڭلىتىپ ئۆلتۈرىدۇ. خىتاي ھاكىمىيىتى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، قوشنا دۆلەت قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەن ياشلارنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.



غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئاسىيادىكى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى مەزمۇن قىلىنغان 4 دوكلات تەييارلاپ چىقتى. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسگە كەڭ ئورۇن ئاجرىتىلىشقا باشلاندى.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارانىڭ كۈنتەرتىپىگە كېلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

خىتاي ھاكىمىيىتى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ پۈتكۈل بېسىملىرىغا قارىماستىن، ئۇيغۇرلارغا قارىتا بېسىم ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كېلىۋاتىدۇ. كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە خىتايدا كۆپلىگەن ئۇيغۇر كارخانىچىلار،دىنى ئۆلىمالار، يازغۇچى ۋە زىيالىيلار قولغا ئېلىنىدى، ھەتتا بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. تۈرمىدا ياتقانلارنىڭ بىرسى 1994-يىلى خىتاي بويىچە ئەڭ باي شەخسلەردىن بىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن ئۇيغۇر كارخانىچىسى رابىيە قادىر خانىم بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ 8 يىل قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭدا ۋەزىپە ئۆتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاتالمىش رايونلۇق مەجلىس باشلىقى ھامىدىن نىياز ئامېرىكا مەجلىس مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىر خانىمنىڭ

سوتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رابىيە قادىرنى «مىللىي ئىتتىپاقلىقىقا بۇزغۇنچىلىق» قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

1999- يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئاتالمىش «دۆلەت مەخپىيىتىنى چەتئەللىكلەرگە يەتكۈزۈپ، بۆلۈنگۈچىلىك قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىر خانىمغا 8 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئامېرىكا مەجلىس خادىملىرىغا خىتاينىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جېمىس رۇبىن ۋە كۆپلىگەن مەجلىس ئەزالىرى خىتاينى زىيارەت قىلغاندا، خىتاي دائىرلىرىدىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە رابىيە قادىر خانىم 2005-يىلى 17-ماي كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئامېرىكا دېپلوماتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ.

2006- يىلى مارت ئېيىدا ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئايالىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاش مەقسىتىدە ئۆزبېكىستانغا بارغان كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىل ئۆزبېكىستاندا تۇتۇلۇپ خىتايغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. ھۈسەيىن جېلىل خىتايغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

چەتئەللەردە يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا بولسا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى بېسىم سىياسەتلىرى توختىماي داۋاملىشىدۇ (دىئاسپورا قىسمىغا قاراپ چىقىڭ).

### 3-4 خىتاي شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت، دەپ قارايدۇ

خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە غەرب دۆلەتلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى ياخشىلاشتا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرامدۇ يوق؟ ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت پەيدا قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق ئىچكى بىخەتەرلىك باشقارمىسى مۇئاۋىن باشلىقى نيۇ چىڭباۋ 2008-يىلى 20-فېۋرالدا بىرىيۇسسېلدا چاقىرىلغان بىخەتەرلىككە مۇناسىۋەتلىك بىر يىغىندا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىغا دۇنيا دۆلەتلىرى ۋە ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر گۇمان بىلەن قارايدۇ.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسئۇلى نيۇ چىڭباۋ بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىرىيۇسسېلدا مادرىد كۇلۇبى بىلەن شەرقىي غەرب ئىنستىتۇتى ھەمكارلىشىپ تەشكىللىگەن خەلقئارا تېررورىزم ۋە تەشكىللىك جىنايەتلەرگە قارشى كۈرەش تېمىلىق يىغىنىدىمۇ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان تېررورچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتاي

ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقلىرىنى، 2008-يىلدىكى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ.

نىيۇ چىڭباۋ بۇ سۆزلەرنى قىلغان ۋاقتىنىڭ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ 2008-يىلى 4-فېۋرالدا ئۈرۈمچى شەھىرى تەڭرىتاغ رايونى بەخت كوچىسى بەخت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى بىر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، 2 نەپەر ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈپ، 16سىنى تۇتقۇن قىلغان ۋاقتىتا توغرا كېلىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئويلاندۇرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا يەنە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ لېچۇەن شىياڭگاڭدىكى سۇمۇرۇغ تېلېۋىزىيەسىدە سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرىنىڭ تامامەن يوقىتىپ تاشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.نىيۇ چىڭباۋ بىرىيۇسسېلدا بۇ ھەقتە سۆز قىلىپ، 4-فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ۋەقەنى قايسى تەشكىلاتنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى ئۈستىدە توختالماي، پەقەت بۇ ۋەقەنى «شەرقىي تۈركىستان تېرروررچى تەشكىلاتلىرى سادىر قىلدى» دەپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بەزى مۇتەخەسسىسلەر خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى مۇئاۋىن باشلىقى نىيۇ چىڭباۋنىڭ بىرىيۇسسېلدا قىلغان سۆزلىرىنىڭ، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى يېقىنلىشىۋاتقان مەزگىلدە خىتايغا ئىنسان ھەقلىرى قىلمىشلىرىنى ئازايتىشقا بېسىم قىلىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رېشىت بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى، خىتايدىكى بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدا ھېچقانداق ياخشىلىنىش كۆرۈلمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە خىتاينىڭ بېسىم سىياسىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. دىلشات رېشىت باياناتىدا يەنە، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان بۇ ئەيىبلەشلەرنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسىتىنى يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى تەييارلاپ چىققان دوكلاتلاردا، خىتاينى تېررورىزمغا قارشى كۈرەش دولقۇنىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىشنىڭ تېگى تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا خالىغانچە جىنايى جازا ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئەركىنلىك بيۇروسى تەييارلاپ چىققان ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتىدىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم سىياسىتى قاتتىق ئەيىبلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا دۆلەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان تېرروررچى ئۇنسۇرلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشتا ھەمكارلىق ئورنىتىشقا چاقىرىپ كەلمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىچكى بىخەتەرلىك باشقارمىسى مۇئاۋىن باشلىقى نىيۇ چىنباۋ بىرىيۇسسېلدىكى يىغىندا ئالاقىدار دۆلەتلەرنى ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن خىتاي بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا چاقىرىدۇ. نىيۇ چىنباۋنىڭ باياناتىدىن ئىلگىرى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان تېرروررچى

ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا بىئوخىمىيىلىك قوراللار بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 2008-يىلى 6-فېۋرالدىكى بىر خەۋىرىدە، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا ئېلىپ بېرىلىش ئېھتىمالى بولغان بىئوخىمىيىلىك ھۇجۇملارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باياناتچىسى دىلشات رېشىت ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ بىئوخىمىيىلىك قوراللارنى ئىشلىتىش كۈچىگە ئىگە ئەمەسلىكىنى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى بۇ خىلدىكى رەزىل ئۇسۇللار بىلەن ئەيىبلەش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يوللۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسىتىگە شېرىك بولۇشنى قەتئىي خالىمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئامېرىكا فېدراتىپ تەكشۈرۈش مەركىزى FBI باشلىقى مىللېر يانۋاردا بېيجىڭنى زىيارەت قىلغاندا، ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە ئىگە بولغان مول تەجرىبىلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پايدىلانسا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن خىتايدا ساقلىنىۋاتقان بىخەتەرلىك مەسىلىسىگە ئارىلىششنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 4-فېۋرالدا بۇ ۋەقەلەرنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشى، خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى خانتەڭرى مەھەللىسى بەخت ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى بىر ئۆيگە بېسىپ كىرىپ 2 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشى، 16 ياشنىڭ تۇتقۇن قىلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە بەرگەن باياناتى كىشىنىڭ ھەقىقەتەن دىققىتىنى قوزغايدۇ. رايونلۇق ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى غۇلجا ۋەقەسىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تېررورلۇق ھۇجۇم ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ بىر قاتار تازىلاش ھەرىكىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان بېسىم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يوللۇق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېررورچى، دەپ ئېلان قىلىش كويىدا يۈرۈشى ھەممىگە بەش قولدەك ئايان. فېۋرال ئېيى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارانىڭ كۈنتەرتىپىگە كەلگەن ناھايىتى مۇھىم ئاي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى 1997-يىلى 5-فېۋرال كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە مەشھۇر غۇلجا ۋەقەسى مەيدانغا كېلىدۇ. غۇلجا ۋەقەسى قانداق مەيدانغا كېلىدۇ؟

بارىن قوزغىلىڭى مەيدانغا كېلىپ ئارىدىن 7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن 1997-يىلى 5-فېۋرالدا غۇلجا شەھىرىدە قەدىر كېچىسىدە ئۆيلىرىدە نورمال ئىبادەت قىلىۋاتقان كىشىلەر

ساقچىلار تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا تۇتۇلۇپ، ساقچىخانىدا قاتتىق قىيىن قىستاققا ئۇچراپ كېتىدۇ. كېيىن بۇ كىشىلەرنىڭ جەسىتى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئائىلىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق قاتتىق غەزەپلىنىپ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىدۇ. ئۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ يېقىن-يورۇقلىرى ۋە بىر تۈركۈم كىشىلەر ھۆكۈمەتكە دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭىدۇ. يولدا بۇلارنىڭ سېپىگە نۇرغۇن ئادەم قوشۇلىدۇ. بۇلار باشقا مەقسىتىنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت دەردىنى ھۆكۈمەتكە ئېيتىش ئۈچۈنلا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كىچىك باللار بىلەن ئاياللارنى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرىدۇ. لېكىن رەھىمسىز خىتاي ساقچىلىرى سەپنىڭ ئالدىدىكى سەبى باللارغىمۇ پىسەنت قىلماستىن، نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىدۇ. ۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭىيىپ كېتىپ توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەتتا خىتاي ساقچىلىرى غۇلجا شەھىرىدىكى پۈتكۈل ئۆيلەرنى بىرمۇ بىر ئاختۇرۇپ، ۋەقەگە قاتناشقان ياكى قاتناشمىغان بولسۇن ئۇچرىغانلا ياشلارنى تۇتۇپ بەزىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، بەزىلىرىنى تۈرمىگە سولايدۇ. بۇ كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇپ تۇتۇش ھەرىكىتىدە تۇتۇلغان نۇرغۇنلىغان ياشلار يوقاپ كېتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل تۈرمىلار ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكتىن، كۆپلىگەن مەكتەپلەر تۈرمىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىكەن. خىتاي ساقچىلىرى تۇتقۇن قىلغان ياشلارنى گىرادۇسى نۆلدىن تۆۋەن بولغان سوغۇق ئۆيلەرگە قاماق قويىدۇ. نۆلدىن تۆۋەن 30 گىرادۇستا ئېغىر زەخىملىنىپ يەردە يېتىپ قالغان ياشلارنىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ تۆكۈپ توڭلىتىپ ئۆلتۈرىدۇ. خىتاي ھاكىمىيىتى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلىش بىلەنلا بولدى قىلماي، قوشنا دۆلەت قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەن ياشلارنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئاسىيادىكى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى مەزمۇن قىلىنغان 4 دوكلات تەييارلاپ چىقتى. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كەڭ ئورۇن ئاجرىتىلىشقا باشلاندى.

بولۇپمۇ، 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېررورىزىمنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتۇپ سوراق قىلىپ، دىنى ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇنى ئاز دەپ، 2008-يىلى بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى باھانە قىلىپ بېيجىڭدا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنى بېيجىڭدىن قوغلايدۇ.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى بېسىم سىياسىتىگە قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئويغىنىشى، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئاۋازىنى پۈتكۈل دۇنياغا ياڭرىتىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق بىئارام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەبتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتكۈل پۇرسەتلەردىن ناھايىتى ئۇستىلىق

بىلەن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى دۇنيادىكى پۈتكۈل دۆلەتلەرگە تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ خىلدىكى رەزىل سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ كەلمەكتە.

## 4-4-خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى باشلايدۇ

خىتاي ھۆكۈمىتى 2008-يىلى 12-ئاۋغۇستتا كۇچار ناھىيىسىدە مەيدانغا كەلگەن خىتاي ساقچىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابچىلىرى ئارىسىدىكى توقۇنۇشنى باھانە قىلىپ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا دۆلەت تېررورىزىمى ئېلىپ بېرىشقا باشلايدۇ.

مەركىزى گېرمانىيەدە بولغان شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، كۇچار خەلقىنىڭ باشقا يۇرتلارغا كېتىشى پۈتۈنلەي چەكلەنگەن بولۇپ، خالىغانچە ئادەم تۇتۇلۇپ جەمئىيەتتە قاتتىق ئەنسىزلىك پەيدا بولغان. مەسىلەن، 12-ئاۋغۇستتا كۇچادا خىتاي ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇش جەريانىدا شېھىت بولغان ئەخمەتجان توختى (كۇچار ناھىيەسى 7-رايوندىن، دېھقان، 24ياش) بىلەن ئايالى بۇمەريەم (كۇچار ناھىيەسىنىڭ ئۆزۈن بازىرىدىن، خىتاي ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇش ئەسناسىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان)دىن بولغان 10 ئايلىق قىزىنى خىتاي ساقچىلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، لېكىن جەسىتىنى ئائىلىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىشنىمۇ رەت قىلغان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئەخمەتجاننىڭ 60 ياشلىق دادىسى توختى تاي بىلەن ئانىسى، 18 ياشلىق ئىنىسى مۇسا توختى، ئاكىسى مەمەت توختى (ئىلگىرى سىياسىي جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ 2 يىل تۈرمىدا ياتقان) ۋە سىڭلىسى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. سىڭلىسى بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن، لېكىن قالغانلىرى قويۇپ بېرىلمەي تۇتۇپ تۇرۇلغان.

خىتاي ساقچىلىرى 12-ئاۋغۇستتىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ۋەقەسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان بۇمەريەمنىڭ كۇچار ناھىيەسىدە ئىخلاس تاللا بازىرىنىڭ خوجايىنى بولغان تاغىسىنىڭ قىزىنى ۋە قېشىدا ئىشلەيدىغان 30 ياشلىق خىزمەتچىسىنىمۇ نازارەت ئاستىغا ئالغان. بۇ كىشلەر بۇ ۋەقە بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىسىمۇ قويۇپ بېرىلمىگەن. ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا خىتاي ساقچىلىرى كۇچار ناھىيەسىدە كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، 1000 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى يېزا-بازارلاردىمۇ نۇرغۇنلىغان كىشى نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنغان. سوراق قىلىنغان كىشلەر سوراق جەريانىدا ئىزچىل نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغان.

كۇچار ۋەقەسىدە تۇتۇلغان كىشلەردىن بىرسى، كۇچار ناھىيەسى ئىرەك تۆۋى مەھەللىسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئادىل ئىسىملىك دىنى زات بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ ۋەقە بىلەن ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق ئىكەن، لېكىن ۋەقەگە قاتناشقانلار بۇ مەسچىتتە ناماز قىلغان، بۇ سەۋەبتىنلا ئىمام ئادىلغا ئۆمۈرۋايەت قاماق جازاسى بېرىلگەن. كۇچار ناھىيەسىدە بىر رايوندىن يەنە بىر رايونغا، بىر يېزىدىن يەنە بىر يېزىغا بېرىشمۇ چەكلەنگەن بولۇپ، خىتاي ساقچىلىرى كىرىش ئېغىزلىرىدا توسۇق قورۇپ كۇچا ناھىيەسىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالغان.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر كۈنى جامە ۋە ئۆيلىرىدە ناماز قىلغان كىشىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدۇ.

**4-5-خىتايدا تۇتۇلغان 160 نەپەر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئۈرۈمچىدە تۈرمىغا سولىنىدۇ**

شەرقىي تۈركىستان ئۇچۇر مەركىزىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى قەشقەر ۋە كۇچادا مەيدانغا كەلگەن ۋەقەلەرنى باھانە قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش بىرگە، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بولۇپمۇ تۇڭگانلار ياشايدىغان رايونلاردا دىنى تەلىم ئېلىۋاتقان 8ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان 160 ئۇيغۇر پەرزەنتىنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن تۈرمىغا سولايدۇ.

بۇ نارىسىدە باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلسىمۇ، لېكىن خىتاي دائىرلىرى پەقەت بۇلاردىن 10 بالىنىلا ئاتا-ئانىلىرىدىن 20مىڭ سومدىن كاپالەت پۇلى ئېلىپ قويۇپ بېرىدۇ، قالغان 150 بالىنىڭ قانۇنسىز دىنى تەلىم ئېلىش جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ، سوتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاتا-ئانىلىرىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا دىنى تەلىم-تەربىيە چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنى تۇڭگانلار ياشاۋاتقان رايونلارغا دىنى تەلىم ئېلىشقا ئەۋەتمەكتە.

**4-6-ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قارارنى ماقۇللايدۇ**

2008-يىلى 30-ئىيۇلدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ماقۇللانغان 1370-نومۇرلۇق قارار، 23-ئىيۇلدا ئاۋام پالاتا ئەزاسى ھوۋارد بېرمەن تەرىپىدىن ئاۋام پالاتاسىغا سۇنۇلىدۇ. 30-ئىيۇلدا 1 گە قارشى 419 ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىدۇ.

مەزكۇر قارارغا مۇناسىۋەتلىك بىر ھۆججەتتە، بۇ قارارنىڭ ماقۇللىنىشىدىكى سەۋەبلەر ۋە خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك باياناتلارغا ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى ۋە سىياسىي ئەركىنلىكلەرنى تەكىتلەش ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان تاشقىي سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى. ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن مۇناسىۋەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدە خىتايدا ئىنسان ھەقلىرى ۋە سىياسىي ئەركىنلىكلەرنى تەكىتلەش ئامېرىكىنىڭ خىتايغا قاراتقان تاشقىي سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى. خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش ۋە ئەركىنلىكلەرنى كۈچەيتىش ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

2008-يىلى 24- ئاۋغۇستقىچە بېيجىڭدا ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە سىياسىي ئەركىنلىكلەر مەسىلىلىرىگە بۇ دائىرىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەزكۇر قارادا، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى 2008-يىللىق ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىغا ساھىبخانلىق قىلىش ئۈچۈن ئىنسان ھەقلىرى، دىنى ئەركىنلىكلەر، مەتبۇئات ئەركىنلىكى، ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇش ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، خىتاينىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

قارارنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىداختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى ئۈستىدە مەلۇماتلار ئورۇن ئالغان. بۇنىڭدا ختاينىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۈچۈن ختايغا كەلگەن چەتئەل مەتبۇئات خادىملىرىنىڭ خىزمىتىگە توسالغۇ بولۇش، ختايغا بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بەزى



كىشلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى، دىنى ئېتىقادى سەۋەبىدىن ۋىزا بەرمەسلىكى، ختاينىڭ ئىنتېرنېتنى كونترول قىلىپ، چەكلەش سىياستىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا ختايدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى، ئەيدىز كېسەللىرىنىڭ خورلىنىپ كەمسىتىلگەنلىكى، ھەتتا بەزى ئەيدىز پائالىيەتچىلىرىنىڭ قولغا ئېلىنىشى قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان سەۋەبلەر تۈپەيلى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى بېسىم سىياستىنى ۋە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنى توختىتىشتا رول ئوينايدىغان قارار لايىھەسى ماقۇللىنىدۇ.

**ختاي تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان بېسىم سىياستىنى دەرھال توختىتىشى كېرەك**

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى قارارىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

*« ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۆز پۇقرالىرىغا قارىتا سادىر قىلىپ كېلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى توختىتىشقا، ئۇيغۇر ۋە تىبەت خەلقلىرىگە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا، 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى ئولىمپىك روھىغا مۇناسىپ شەكىلدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن سۇدان ۋە بېرما ھۆكۈمىتىنى ئاستىرتتىن قوللاشنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت،*

*ختاي ھۆكۈمىتىنى مۇخالىپ ئىدىيەنى تەشۋىق قىلىش بىلەن ئەيىبلىنىپ تۈرمىلارغا سولانغان جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرىدۇ. ختاي ھۆكۈمىتىنى يەنە ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن ئىلگىرى چەتئەل مەتبۇئات خادىملىرىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، قولغا ئېلىنغان ختاي ۋە چەتئەل مەتبۇئات خادىملىرىنى دەرھال قويۇپ بېرىشكە، بۇنىڭدىن كېيىن مۇخبىرلارنى قولغا ئالماسلىققا پۈتكۈل خەلقى ئالەم ئالدىدا ۋەدە بېرىشكە چاقىرىدۇ».*

**ساياھەتچىلەرنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇر رايونلىرىغا چەكلىمىگە ئۇچرىماستىن بېرىپ ساياھەت قىلىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى**

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى مەجلىسىدە ماقۇللانغان مەزكۇر قاراردا يەنە، ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى جەريانىدا ساياھەتچىلەرنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى، دىنى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا ۋىزا بېرىلىشى، ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالايىتەن ختايغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، بۇنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرلار رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، يەنى ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۈچۈن ختايغا كەلگەن تەنتەربىيەچىلەرنىڭ ھېچقانداق يەردىن رۇخسەت ئالماي بىمالال تىبەت ۋە ئۇيغۇر رايونلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىشىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

قاراردا يەنە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان يېڭى ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەرگە ئېرىشىش ئەركىنلىكىنى چەكلەش سىياسىتىنىمۇ بىكار قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. قاراردا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چەكلەنگەن پۈتكۈل گېزىت، ژۇرنال ۋە تور بەتلىرىنىڭ قايتىدىن مۇلازىمەتكە ئېچىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ. قاراردا ئۆكتىچىلەر، نامايىشچىلار، دىنى پائالىيەتچىلەر، ئازسانلىقلار، مېيىپلار ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشى، ئۇلارغا دۆلەت ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ساھەلەردە ئىش پۇرستى يارىتىش بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

قاراردا يەنە، سابىق ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى پىرېزىدېنتى بۇشنى ئۇيغۇر رايونىنى زىيارەت قىلىشقا چاقىرىلىدۇ.

**4-7-ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇر ھەق ھوقۇقلىرى چەكلەنمەكتە**

ختاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۇلتۇر بايلىقلىرىغا چېقىلىپ زىيان بېرىشى 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار، مانجۇ ئىمپېرىيەسى 1878-يىلى 16-مايدا شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسمىنى شىنجاڭ (يېڭى چېگرا) غا ئۆزگەرتكەن كۈندىن باشلاپ ھازىرغىچە 3 ھۆكۈمەت بىلەن تونۇشۇپ چىقتى. بىرىنچى ھۆكۈمەت 1911-يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن مانجۇ ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە، شەرقىي تۈركىستان ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە تالان-تاراج قىلىندى. لېكىن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنى ۋە تىلىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈلمىدى. ئىككىنچى

ھۆكۈمەت 1911-يىلى قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتى بولۇپ، 1949-يىلغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ كەلگەن گومىنداڭ پارتىيەسى ھۆكۈمىتىمۇ شەرقىي تۈركىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر دەرىجىدە تالان-تاراج قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تىلى ۋە دىنىغا ئۇنچىۋالا كۆپ زىيان يەتكۈزمىدى. 1949-يىلى ئۆكتەبىردە كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ۋەھشىيلەرچە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى يولغا قويدى. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرى 1960-يىللار يولغا قويغان يېزىق سىياسىتى ۋە تىل سىياسىتى بىلەن باشلىدى، كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

10-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى جۇ كۇنرېن «شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ : «شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭرى، تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن مول. شىنجاڭ قولدىن كەتسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شىنجاڭنى چىڭ تۇتۇپ ئېچىش ئاساسلىق نىشانىمىز بولۇشتىن سىرت، ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. مەركىزى ھۆكۈمەت شىنجاڭغا قارىتا ئۇزۇن، ئوتتۇرا ۋە قىسقا مەزگىللىك سىياسەت بەلگىلەپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈر. ئۇزۇن مەزگىلنى چىقىش قىلىپ مەسىلىنى ئويلىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلساقلا نىشانىمىزغا يېتەلەيمىز. ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يوقىتىشىمىز كېرەك. تۆۋەندىكى تەدبىرلەر ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. خىتايچىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئۇيغۇرچىنىڭ تەسىرىنى ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇيغۇرلارغا خىتايچە-ئۇيغۇرچە قوش تىللىق مائارىپى يولغا قويۇش لازىم.

## 4-8- خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تىل سىياسىتى

تۈركىي تىللىرى ئادرىئاتىك دېڭىزىدىن تارتىپ خىتايدىكى سەددىچىن سېپىلىغىچە بولغان كەڭ كەتكەن جۇغراپىيەدە ئىشلىتىلمەكتە. ھېلىھەم خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئاساسلىق ئۇيغۇرلار بولۇپ قازاق، قىرغىز، تاتار، ئۆزبېك ۋە تۇۋا قاتارلىق تۈركىي خەلقلىرى ياشايدۇ. خىتاينىڭ غەربىي شىمالى رايونىدىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدە سېرىق ئۇيغۇرلار، چىڭخەي ئۆلكىسىدە بولسا سالار ياشايدۇ.. ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتە قۇرغان دۆلەتلىرى، كۈچلۈك ئىقتىسادىي، ياراتقان مەدەنىيىتى، ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىق تىلى بىلەن ياراتقان ئەدەبىياتى كۆپلىگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۆز دىئالېكتىكىسغا تايانغان ئەدەبىي تىلى، ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

كۈلتۈر، مەدەنىيەت-سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلار، تۈرك دۇنياسى كۈلتۈرى، تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

تارىختا ئۇيغۇرلار قۇرۇپ چىققان دۆلەتلەر ئىدىيە جەھەتتىن خېلىلا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن. ئۇيغۇر خاقانى سارىيىدا يەرلىك ۋە چەتئەللىك سەنئەتكارلار، تارىخچىلار، ئىلىم ئەھلىلىرى ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرگەن، كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغان.




ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، يۇقىرى سەۋىيەلىك سەنئەت ئەسىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەر يارىتىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان،

ئۇيغۇرلار قانچە مىڭ يىللىق تارىخىدا، جاپالىق ئەمگىكىنىڭ، يۈكسەك ئەقلىنىڭ، چوڭقۇر ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ ۋە ئەتراپلىق دۇنيا قارىشىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات ۋە سەنئەت قىممىتى يۇقىرى بولغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقان.

19-ئەسىر شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئەڭ قالايمىقان دەۋرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1864-يىلى دېكابىرنىڭ ئېيىنىڭ ئاخىرىدا، سىدىق بەي قىپچاق ئىسيان كۆتۈرۈپ، يېڭىھىسار ۋە قەشقەرنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، قوقەنت خانى خۇدايار خانغا بەيئەت قىلىدۇ.

بۇنىڭغا قارىتا، خۇدايار خان، بۈزرۈك خان تۆرىنى قەشقەر ھۆكۈمدارى، ياقۇپ بەگنى باش قوماندان قىلىپ ئەۋەتىدۇ. سىدىق بەگ خۇدايار خاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغاچقا، دەرھال بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، نەتىجىدە قەشقەر بىۋاستە قوقەنتكە باغلىنىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەكەنمۇ خانلىقنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، رۇسىيە غەربىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىدۇ، نەتىجىدە قەشقەرگە كۆچمەنلەر ياغىدۇ. بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش ئەسناسىدا، 1865-يىلى ياقۇپ بەگ قەشقەر ھۆكۈمدارىنى يېڭىپ، قوقەنت خانلىقىنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرلاشقىنى جاكارلاپ، ئاتىلىق غازى بەدۆلەت

ياقۇپ بەگ ئۇنۋانى بىلەن قەشقەر ۋە ياركەنت ھۆكۈمدارى بولىدۇ. ياقۇپ بەگ 1866-يىلى خوتەننى، 1967-يىلى كۇچانى، 1968-يىلى تۇرپان، ئۇرۇمچى ۋە قۇمۇلنى قولغا كىرگۈزۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

ئىنگلىزلار ياقۇپ بەگنى باشتىن-ئاخىر كۆزىتىدۇ. 1868-يىلى قەشقەرگە كەلگەن بىر ئىنگلىز سودا ھەيئىتى ياقۇپ بەگ بىلەن كۆرۈشۈپ سودا كېلىشىمى ئىمزالايدۇ. ياقۇپ بەگ بىر تەرەپتىن ئىنگلىزلار بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا كۈچىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى دەۋىردىكى ئوسمانلى پادىشاھى ئابدۇلئەزىزگە ئوغلى سەيىد ياقۇپ خان تۆرە (خوجا تۆرە)نى ئەۋەتىپ، ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. خوجا تۆرە پادىشاھقا تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇلتاننىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغانلىقلىرنى بىلدۈرىدۇ. پادىشاھ خوجا تۆرىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىر كېمە بىلەن قورال ۋە ئەسكەر ياردەم قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدىن ئېتىبارەن، ياقۇپ بەگ سۇلتاننىڭ ئۆزىگە ئىلتىپات قىلغان ئۇنۋانى بويىچە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى زېمىنلاردا خۇتپىنى پادىشاھ ئابدۇلئەزىز نامىغا ئوقۇتىدۇ، نامىغا يەنە پۇل باستۇرىدۇ.

ياقۇپ بەگ پېتېرسبۇرگقا ئەلچى ئەۋەتىپ رۇسىيە بىلەنمۇ ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ. ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، خىتايغا قارشى رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرىسىدا مۇۋازىنەتلىك سىياسەت يولغا قويۇش ئارقىلىق ئورنىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ياقۇپ بەگ، تولىمۇ ئەپسۇسكى، 1877-يىلى مايدا ۋاپات بولىدۇ. خىتايلار بۇ پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەي 1878-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن زور قوشۇن ئەۋەتىدۇ. نەتىجىدە شەرقىي تۈركىستان خىتايلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر مۇددەت زو زۇڭتاڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان، 1884-يىلى 18-نويابىردا، خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، خىتاينىڭ 19-ئۆلكىسى بولۇپ شىنجاڭ («يېڭى زېمىن») دېگەن نام بىۋاستە ئىمپېراتورلۇققا باغلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى 1911-يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. شۇ يىلى خىتايدا ھۆكۈمران قىلىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ ھاكىمىيەت شەرقىي تۈركىستاننى پەقەت قەغەز يۈزىدىلا يەنى شەكلىي جەھەتتىنلا ئىدارە قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەرلىك «ھۆكۈمدارلار» مەركەزنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن خالىغانچە ھەرىكەت قىلاتتى. ھەتتا چەت دۆلەتلەر بىلەن بىۋاستە كېلىشىم تۈزەلەيتتى. بۇ يەردە شۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم، بۇ مەزگىلدىمۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك «ھۆكۈمدارلار»نىڭ خىتاي مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

1930-يىللاردا يەرلىك «ھۆكۈمدارلار» خەلققە زۇلۇم قىلىپ ئەشەددىي چېكىدىن ئاشقان ئىدى، خەلق بۇ زالىم ھۆكۈمدارلاردىن دەستىدىن جېنىدىن جىق تويغان ئىدى. نەتىجىدە تەرەپ تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلايدۇ. بۇ قوزغىلاڭلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1931-يىلى ئاپرىلدا خوجا نىياز ھاجى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن قۇمۇل قوزغىلىڭى،

1933-يىلى يانۋاردا مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن تۇرپان قوزغىلىڭى،

1933-يىلى فېۋرالدا مەھمەت ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا كۆتۈرۈلگەن خوتەن قوزغىلىڭى،

بۇلاردىن باشقا، 1933-يىلى تارىم ھاۋزىسىدا تىمۇر ۋە ئوسمان قاتارلىق ئىككى ئەزىمەت باشچىلىقىدا، ئالتايدا شەرىف خان تۆرە باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدا كۆتۈرۈلگەن بۇ قوزغىلاڭلار نەتىجە بېرىپ، ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلار ئاساسەن دېگۈدەك خىتايلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قۇتۇلىدۇ.

ئىنقىلابلارنىڭ تۇنجى ئوتى تۇتاشقان قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا، خىتاي مۇسۇلمانلىرىدىن قوماندان ما جۇڭيىڭ 1931-يىلى يۈزدەك پىداكار جەڭچىسى بىلەن قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ئىيۇلدا گەنسۇغا قايتىپ كېتىدۇ. 1931-يىلى سېنتەبىردە رۇسلار قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم قىلىشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلار رۇسىيەنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. رۇسىيە قوزغىلاڭچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆكتەبىر ئېيىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ھۆكۈمدارى» جىڭ شۇ رېن بىلەن مەخپىي كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، ھۆكۈمەت قىسىملىرىغا قورال ياردەم قىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق تىزگىنلىيەلمىگەن جىن شۇ رېن، 1933-يىلى ئاپرېلدا رۇسىيە ئارقىلىق خىتايغا قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاللات شىڭ شىسەي ئۆزىنى ھەربىي ھۆكۈمدار ئېلان قىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ پالاكەتكە سۆرەت كىرىدۇ.

1933-يىلى ماڭ جۇڭيىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، شۇ يىلى 16-ئىيۇندا خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ماڭ جۇڭيىڭ ھەربىي ھوقۇقنى تەلەپ قىلغاندا، خوجا نىياز بۇنىڭغا قاتتىق قارشى چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ماڭ جۇڭيىڭ ئىنقىلاپچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ قولىدىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورا قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى تارتىۋالىدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرگەن رۇسىيە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، خوجا نىياز ھاجىنى شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجى رۇسىيەنىڭ تەكلىپىگە ئىجابىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، 1933-يىلى شىڭ شىسەي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ. كېلىشىمدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي خوجا نىياز ھاجىغا، شىمالىي قىسمى بولسا شىڭ شىسەيگە تەۋە، دەپ بېكىتىلىدۇ. كېلىشىم ئۈرۈمچىدە ئىمزالىنىدۇ.

1933-يىلى 12-نويابىردا، قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ.

1933-يىلى 12-يانۋاردا قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللىي مائارىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا زور ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا تىل سىياسىتىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىسلاھاتلار تۆۋەندىكىچە:

1-پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى مەركەزدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئۈرۈمچىدە مائارىپ نازارىتى، ۋىلايەتلەردە بولسا مائارىپ ئىدارىسى ۋە ناھىيەلەردە مائارىپ ئىدارىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ.

2- بۇ مەزگىلدە مەكتەپلەر ئىككى خىل تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەكتەپلەر شەنلى مەكتەپ، خەلق تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان مەكتەپ خۇيلى مەكتەپ دەپ ئىككىگە ئايرىلغان. دۆلەتكە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى ھۆكۈمەت

تەرپىدىن، جەمئىيەتلەرگە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى جەمئىيەتلەر تەرپىدىن يىغىلغان ئىئانە پۇللار بىلەن ھەل قىلىنغان. 1935-يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدۇ.

3-ئومۇمىي دەرسلەر بىلەن دىنى دەرسلەر بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن.

4-ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئىجتىمائىي ياردەم تۈرى كۆپەيتىلگەن.

5-قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش نىسبىتىدە ئېشىش كۆرۈلگەن.

6-ئىلگىرى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ مەركىزى قەشقەر، غۇلجا ۋە تۇرپاننىڭ ئاستانە ناھىيەسى بولغان بولسا، بۇ مەزگىلدە ئۈرۈمچى مەركەز ھالىغا كەلگەن.

ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ كەمچىل بولۇشى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قىيىن مەسىلىلەردىن بىرى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن، 1934-يىلدىن باشلاپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى 3 گۇرۇپپا ھالىتىدە 300گە يېقىن ئوقۇغۇچىنى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ مەزگىل يېڭى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە كۆپلىگەن ئىنژېنېر، دوختۇر، مال دوختۇرى، ئوقۇتقۇچى، سەنئەتچى، شائىر، مۇزىكانت ۋە تەرجىمان يېتىشىپ چىقىدۇ. ھەر قايسى ساھەلەردە يېتىش چىققان بۇ ئىنسانلار ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىدا، ئۇيغۇرچىنىڭ مۇكەممەللىششىدە ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. 1942-يىلدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. كۆپلىگەن زىيالىي سەۋەبسىز قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا سەھنە بولغان ئالتاي، چۆچەك ۋە غۇلجا قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا زور ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كېلىدۇ. مائارىپ ۋە بۇنىڭغا ماس ھالدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىلىق ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە ياخشى كۆرۈلىدىغان كەسىپكە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ھەقتە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پىرېزىدېنتى ئەخمەتجان قاسىمى مۇنداق دېگەن: «سىنىپىدا دەرسكە يېتىشەلمەيدىغان بىرمۇ ئوقۇغۇچى قالمىسۇن، دەپ يۈرەك قېنى سەرپ قىلىدىغان، پىداكار ۋە جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ۋە مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىدىن تېخىمۇ مۇقەددەس بولغان باشقا بىر كەسپ يوق. چۈنكى ئالىم، تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، دوختۇر، قوماندان، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر». 3-ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇ رايونلاردىكى مەكتەپلىشىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە كۆپلىگەن ئىختىساسلىق خادىم يېتىشىپ چىقىدۇ. بۇ ئەھۋال كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا زور رول ئوينايدۇ.

## كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تىل سىياستى (1949-2009)

كوممۇنىست خىتايلار 1949- يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى تامامەن ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى مائارىپ سىستېمىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈلمىسى ئاستىدا خىتايچىنى مەجبۇرىي تېڭىشقا باشلايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1950-يىللاردىن ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويغان تىل سىياسىتىنى تۆۋەندىكى بەش دەۋرگە ئايرىش مۇمكىن.

**1-خىتايچە مائارىپنىڭ ئاساسى سېلىنغان** دەۋر

1950-يىلى مايدا شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى» ناملىق بىر ھۆججەت چىقىرىلىدۇ. ھۆججەتتە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈشى، مىللىي مەكتەپلەردە خىتايچە ۋە رۇسچە تاللاش دەرسى قىلىپ بېكىتىلىشى، خىتايچە مەكتەپلەردە بولسا ئۇيغۇرچە بىلەن رۇسچە تاللاش دەرسى قىلىپ بېكىتىلىشى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن. 1959-يىلدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى پۈتكۈل ئالىي مائارىپ ئورۇنلىرىدا خىتايچە تەييارلىق ئوقۇشنى مەجبۇرىي ھالغا كەلتۈرىدۇ. تەييارلىق تۈگىگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلاردىن خىتايچىنى بىمالال سۆزلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان ۋە يازالايدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. 1964- يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت 474 نومۇرلۇق ھۆججەت بىلەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇشنى قارار قىلىدۇ.

**2-شەرقىي تۈركىستاندا خىتايچە مائارىپنىڭ تۇرغۇنلۇق مەزگىلى**

1966-يىلى خىتاي مىقياسىدا باشلانغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتكۈل خىتايدا بولغىنىغا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستاندىمۇ مائارىپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەمدىلا باشلانغان قوش تىللىق مائارىپ سىياسەتلىرى يېرىم يولدا توختاپ قالىدۇ. 1966-يىلى ئېلىنغان قارارلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلار لاتىن يېزىقىغا ئۆتىدۇ. 1980-يىلىدا ئېلىنغان يەنە بىر قارار بىلەن قايتىدىن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاندا مۇئەييەن ئىدىئولوگىيەگە تايانغان رادىكال سولچىل مائارىپ سىياستى مىللىي كۈلتۈرنى تامامەن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىي كۈلتۈر، دىنى ئېتىقاد ۋە مىللىي ئەدەبىيات قاتارلىق مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى رادىكال سىياسەتلىرىگە قارشى ئۆزىنىڭ كۈلتۈر ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە مەھكەم يېپىشقان ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلار ھازىرغىچە ھەر ساھەدە ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتى ۋە كۈلتۈرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە.

**3-ئانا تىلدىكى مائارىپنىڭ كۈچەيگەن مەزگىلى**

ماۋزېدوڭنىڭ ئۆلۈمى ۋە خىتايدا يولغا قويۇلۇشقا باشلانغان سىرتقا قارىتا ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستىدىن كېيىن، ھەر قايسى ساھەلەردىكى چەكلىمىلەرنىڭ ئەمەلدىن

قالدۇرۇلۇشى بىلەن، مىللىي مائارىپ ۋە مىللىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چەكلىمىلەرمۇ قىسمەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. 1984-يىلى 31-مايدا 6-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون قانۇنى ماقۇللىنىدۇ. ئاپتونوم رايون قانۇنىدا، خىتايدىكى ئاز سانلىقلارغا ناھايىتى كۆپ ھوقۇق بېرىلىدۇ. مەزكۇر قانۇن ماقۇللانغاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز زىيالىيلىرى ناھايىتى خوشال بولىدۇ. مەزكۇر قانۇندىكى تىلغا مۇناسىۋەتلىك ماددىلار تۆۋەندىكىچە:

10-ماددا: مىللىي ئاپتونوم رايونلىرىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى، ئۇ رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز يېزىق تىلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ئادەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

21-ماددا: ئاپتونوم رايونلاردىكى ھەر قايسى دۆلەت ئورگانلىرىدا ئۆز-ئارا ئالاقىدا ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگىنىدەك، رايوندا كۆپ سانلىق تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن تىل ۋە يېزىقنى ئىشلىتىلىدۇ.

22-ماددا: ئاز سانلىقلار ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە، شۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىدا تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئازسانلىق مىللەتنىڭ تىلى بىلەن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خىتايچە دەرسلىك پىروگراممىغا كىرگۈزۈلۈپ مەملىكەت مىقياسىدا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى لازىم.

38-ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى دۆلەت ئورگانلىرى، ئاز سانلىقلارنىڭ تىلىدا يېزىلغان كىتابلارنى رەتلەپ، تەرجىمە ۋە نەشرىيات ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاز سانلىقلارنىڭ تارىخى ئەسەرلىرى، قىممەتلىك كونا ئەسەرلىرى ۋە باشقا مۇھىم تارىخى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا مەسئۇل.

49-مىللىي ئاپتونوم رايونلىرىدىكى ھەر قايسى دۆلەت ئورگانلىرى، ئوخشىمىغان مىللەتلەرگە تەۋە دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىگە بىر-بىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقنى ئۆگىنىشكە تەشۋىق قىلىدۇ. خىتاي كادىرلىرىنىڭ ئۇ رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ۋە يېزىقنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىش بىلەن بىرلىكتە، مەملىكەت مىقياسىدا ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي تىلنى ۋە خىتاي يېزىقنى ئۆگىنىشى لازىم.

ئاپتونوم رايونلاردىكى دۆلەت خادىملىرى، ئۇ رايوندا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان ئىككىدىن ئارتۇق تىل ۋە يېزىقنى ياخشى ئۆگەنگەن ئەھۋالدا مۇكاپاتلاندۇرۇلۇشى كېرەك.

ئۇ يىللاردا مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئارقا-ئارقىدىن ھەر خىل جىنايەتچىلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ مەكتەپلەردىن قوغلانغان، تۈرمىگە تاشلانغان ئوقۇتقۇچىلار، ئەسەر يېزىشتىن چەكلەنگەن، ئۇزۇن يىللار تۈرمىدا ياتقان مەشھۇر يازغۇچىلاردىن ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماس، زۇنۇن قادىرى، زوردىن سابىر قاتارلىق شەخسلەر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ جانلىق نامايەندىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. بۇلارنىڭ ئۈستىدىكى چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ۋە ئەدەبىياتىدا زور جانلىنىش بارلىققا كېلىدۇ.

نەشرىيات ۋە مەتبۇئات ساھاسىدىمۇ جانلىنىش كۆرۈلۈپ، شەرقىي تۈركىستاندا يېڭى نەشرىياتلار قۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، 1980-يىلىدىن ئىلگىرى پەقەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە بۆلۈمى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىلا بار ئىدى. مەزكۇر نەشرىياتلاردا كۆپىنچىسى ئۇيغۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەمەس، خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمە ئەسەرلەر نەشر قىلىناتتى.

1980-يىلىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان نەشرىياتلارغا قوشۇلۇپ شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى، ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، شىنجاڭ قاتناش نەشرىياتى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەسىس قىلىنىدۇ. ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللار ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا قاراشلىق «تارىم» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى، مەدەنىيەت ئىدارىسىگە قاراشلىق بولغان «شەرقىي تۈركىستان سەنئىتى» ژۇرنىلى، خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورگىنىنىڭ «مىراس» ژۇرنىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ژۇرنىلى، قەشقەردە نەشر قىلىنىدىغان «قەشقەر ئەدەبىيات-سەنئىتى»، تۇرپاندا نەشر قىلىنىدىغان «تۇرپان»، قۇمۇلدا نەشر قىلىنىدىغان «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىدىغان «ئاقسۇ ئەدەبىيات-سەنئىتى»، خوتەندە نەشر قىلىنىدىغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، كورلىدا نەشر قىلىنىدىغان «بوستان» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى يازغۇچىلار بىرلەشمىسىگە تەۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، ئۈرۈمچى مەدەنىيەت باشقارمىسىغا تەۋە «نەسرىدىن ئەپەندىم» ژۇرنىلىغا ئوخشاش يەرلىك ۋە مىللىي ژۇرناللار نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر شائىر ۋە يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ئاسان نەشر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبۇئاتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مائارىپ جانلىنىشقا باشلايدۇ. مەكتەپلەردە ئانا تىل ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى خىتايچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرچە كۆپلىگەن ئەسەر روياپقا چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبە يېزىقىدا نەشر قىلىنىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى تونۇشى ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

### 3-ئانا تىلدا ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ چەكلىنىشكە باشلىنىشى

1991-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي بېسىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ، سىياسىي ساھەدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر مائارىپ ساھەسىگىمۇ زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. 1993-يىلى 25-سېنتەبىردە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 8-نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 4- نۆۋەتلىك يىغىنىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل-يېزىق قانۇنىدا ئاز سانلىقلارنىڭ خىتايلار بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە

خىتايچە ئىشلىتىلىشى تەلەپ قىلىنىپ «خىتايچە خىتاي دۆلىتىدىكى پۈتكۈل مىللەتلەر ئىشلىتىدىغان ئورتاق تىلدۇر. پۈتكۈل رەسمىي ئورگانلاردا، رەسمىي ھۆججەتلەر خىتايچە يېزىلىپ تارقىتىلىشى كېرەك» دېگەن شەرت قوشۇلدۇ. 1996-يىلى 14-ئىيۇندا تۇنجى قېتىم خىتايچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى يولغا قويۇلدۇ.

بۇ مەزگىلدە خىتاي ھۆكۈمىتى قوش تىللىق مائارىپ نامى ئاستىدا ئانا تىلدا ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى چەكلەشكە باشلايدۇ. خىتايچە بىلمەيدىغان ياكى ئازراق بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى مۇددەتتىن بۇرۇن پېنسىيەگە مەجبۇرىي چىقىرىشقا باشلاپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئوقۇتقۇچىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىشنى توختىتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىمىزدىكى بىر قانچە يىل ئىچىدە، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە پۈتكۈل مەكتەپلەردە خىتايچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى تامامەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى نىشان قىلماقتا.

### خىتاينىڭ تىل سىياستى ئاپتونوم رايون قانۇنىغا زىت

1984- يىلى 31-ماي ئېيىدا، 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئاپتونوم رايون قانۇنىدا، خىتايدىكى ئاز سانلىقلارغا بەزى مەدەنىي ھەق ھوقۇقلار بېرىلگەن. بۇلاردىن بىرى ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئانا تىلدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ھوقۇقى ئىدى. خىتاينىڭ كۈنىمىزدە يولغا قويۇۋاتقان تىل سىياستى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىمىزدەك ئاپتونوم رايون قانۇنىغا تامامەن زىتتۇر.

### دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان تىل سىياستىگە بولغان قارىشى

خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە قازاقلارغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل مەدەنىي ھەق ھوقۇقلىرىنى چەكلەش سىياستىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئاسىيادىكى ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىغا ئوخشاش خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى بايان قىلىنغان ئەترابلىق 5 دوكلات ئېلان قىلىدۇ. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كەڭ ئورۇن ئاجرىتىلىشقا باشلايدۇ.

بولۇپمۇ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېرروررىزىمنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارنى سەۋەبسىزلا تۇتۇشقا باشلاپ، دىنى ۋە ئىجتىمائىي ھەق ھوقۇقلىرىنى كەڭ كۆلەمدە چەكلىمەكتە. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ «خىتايدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تېرروررىزمغا قارشى كۈرەش نامى ئاستىدا ئېلىپ بارغان بېسىملىرىدىن قاچماقتا» ناملىق، 2004-يىلى ئېلان قىلغان دوكلاتىنىڭ 4-بېتىدە بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار ئورۇن ئالىدۇ:

«كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى بارغانچە ئېغىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ناھايىتى بىئارام قىلماقتا. يەرلىك مەسئۇللار، كۆپلىگەن ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ چەكلىنىشى ۋە دەپسەندە قىلىنىشىغا بىپەرۋا قارايدۇ، بۇ ئەھۋال رايوندا كېلىپ چىقىدىغان سۈركىلىشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشسىزلار قوشۇنى بارغانچە

زورايماقتا. خىتايلارنىڭ رايونغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىپ ئولتۇراقلىششى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدا چەتكە قېقىلىشىغا سەۋەب بولماقتا. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى خىتايچىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ، ناھايىتى چەكلىك مائارىپ ۋە خىزمەت ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر ئائىلىلىرى خىتاي قۇرۇلۇش بىناكارلىق خوجايىنلىرى تەرىپىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە مۇلازىمەت ۋە تۆلەم تۆلەنمەستىن ئۆز زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلماقتا.بىلدۇرۇلۇشىچە، قانچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرچە كىتاپ چەكلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلانغان 2002- يىلى سېنتەبىر ئېيىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆپلىگەن دەرسلەرنى ئۇيغۇرچە ئۆتۈش ئەمەلدىن قېلىپ، ئورنىغا خىتايچە دەسسىتىلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈر ھەق ھوقۇقلىرى بارغانچە چەكلىنىپ ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كەلمەكتە.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ 2009-يىللىق دوكلاتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان تىل سىياسىتىگە ئاجرىتىلىدۇ. ھازىر خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بۇ مەسىلە ئۈچۈن مەخسۇس تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشۈپ، خام ماتېرىيال توپلىماقتا.
ئىگىلىنىشچە، شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن مەكتەپتە ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسىدىن باشقا پۈتكۈل دەرسلەر خىتايچە ئوقۇتۇلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياسىتى ئۇيغۇرلارنى ناھايىتى بىئارام قىلماقتا. ئەگەر خىتاينىڭ بۇ سىياسىتى داۋاملاشقان تەقدىردە، شەرقىي تۈركىستاندا ئىجتىمائىي پارتلاشقا زېمىن ھازىرلايدۇ.
خۇلاسىلىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە بولغان 60 يىللىق تىل سىياسىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، ئۆزلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللىغان ئاپتونوم رايون قانۇنلىرىغا، ھەتتا خىتاي ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، خىتاي زېمىنىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ھەر قايسى تۈركىي تىللارنى يوق قىلىش غەرىزىدە تىل سىياسىتى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىزنىڭچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ھەقسىز سىياسەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نارازىلىقىنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىششىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. 5-ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرىمۇ دەل خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان تىل سىياسىتىدۇر.

## بەشنچى باپ

## چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تارىخىي

19-ئەسىر شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن زۇلمەتكە تولغان، ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ مەزگىللەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسىردە بۈيۈك كۈچلەر شەرقىي تۈركىستاننى تەسىر دائىرىسىگە ئېلىپ ئۆز ئالدىغا بۆلۈشىۋالغان ئىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش، 1861-يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ياقۇپ خان بە دۆلىتى، ياقۇپ خان 1877-يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغاندىن كېيىن يىقىلىدۇ. خىتايلارمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ زور قوشۇن بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىپ 1878-يىلى 16-مايدا شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىۋالىدۇ. بىر مەزگىل قوماندان زو زۇڭتاڭ تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان، 1884-يىلى 18-نويابىردا خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خىتاينىڭ 19-ئۆلكىسى سۈپىتىدە شىنجاڭ (يېڭى زېمىن) نامى بىلەن بىۋاستە خىتاي ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ.

مانجۇ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 1911-يىلىغىچە داۋاملىشىدۇ. 1911- يىلى خىتايدا نەچچە ئەسىردىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مانجۇ سۇلالىسى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ جۇمھۇرىيەت  قۇرۇلىدۇ. جۇمھۇرىيەت مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان رەسمىيەت جەھەتتىنلا خىتاينىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ئىدى.




1930- يىللارغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە قىلغان بېسىمى ۋە زۇلۇمى ئىنتايىن كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەشەددىي زۇلۇم ۋە ئېغىر بېسىمغا

بەرداشلىق بېرەلمىگەن خەلق ئاخىرى قوزغىلىپ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ بېسىمى ۋە زۇلمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. قوزغىلاڭلار نەتىجىسىدە، 1933- يىلى 12- نويابىردا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئېلان قىلىنىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ.

1934-يىلى يانۋاردا چۆچەك ۋە ئالتاي چېگرىسىدىن شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا ما جۇڭيىڭنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ئارىلىقتا، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئالاھىدە كەلگەن باش كونسۇل ئافسېروف، خوجا نىياز ھاجى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى يىقىتىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ شىڭ سىسەي بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستاننى ئورتاق باشقۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان خوجا نىياز ھاجى، ئافسېروف بىلەن بىرلىكتە قەشقەردىن ئايرىلىدۇ. خوجا نىياز ھاجى، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ناھايىتى قىسقىغىنە ئۆمۈر كۆرۈپ يىقىلىدۇ.

1944-يىلى سېنتەبىردە مەيدانغا كەلگەن قوزغىلاڭ نەتىجە بېرىپ، ئىلى، ئالتاي ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. 1944-يىلى 12-نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» رەسمىي ئېلان قىلىنىدۇ.

ئىلىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇسلار «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە مۇئەييەن مىقداردا قورال-ياراق، ئەسكەر ۋە مەسلىھەتچى ئەۋەتىدۇ. رۇسىيە ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمەتنى خىتاي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. نەتىجىدە، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن خىتاي ۋەكىللىرى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ.

غۇلجىدا ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، رۇسلار قوزغىلاڭچىلارغا قورال-ياراق، ھەربىي ۋە سىياسىي مەسلىھەتچىلەر ئەۋەتىدۇ. رۇسىيە بۇ مەسلىھەتچىلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، قوزغىلاڭچىلارنى خىتاي بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، خىتاي بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇزاكىرىلەر باشلىنىپ كېتىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئۈچ ئەپەندى» دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، مەھمەت ئىمىن بۇغرا ۋە مەسئۇت سابىرى قاتارلىق زاتلارنى ۋەكىل سۈپىتىدە تاللاپ قوزغىلاڭچىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىدۇ. ئۈچ ئەپەندى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەندىن كېيىن بىر قاتار يىغىن ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۈچ ئەپەندى يىغىنلاردا، ھەققىي مەنىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خىتايغا بېقىنغان ئاساستا بىر مىللىي مۇختارىيەت قۇرۇپ چىقىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئىقتىسادىي تۈرمۇشىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ توغرا يول بولىدىغانلىقىنى، ئەھۋال بىر مەزگىل مۇشۇ پېتى داۋاملاشقاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ رۇسىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۈچەپ تەكىتلىشىدۇ. ئۈچ ئەپەندى تەشكىللىگەن بۇ يىغىنلارغا ياشلار ناھايىتى ئاكتىپ ئاۋاز قوشىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر قاتار سۆھبەتلەرنى

ئۆتكۈزگەندىن كىيىن، ئاخىرى كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ . لېكىن كېلىشىمنى ئىجىراپ قىلمىغان ئەلى خان تۆرەم بىلەن بىر قانچە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى رۇسىيەگە ئېلىپ قېچىلىدۇ.

كېلىشىم نەتىجىسىدە، ئۇرۇمچىدە 15ى يەرلىك، 10ى خىتاي بولۇپ جەمئىي 15 كىشلىك بىر ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. خىتاي گېنېرال جاڭ جىجۇڭ ھۆكۈمەت باشلىقى، رۇس تەرەپدارى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن ھۆكۈمەت باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. مەھمەت ئىمىن بۇغرا پاراۋانلىق مىنىستىرى، جانىم خان مالىيە مىنىستىرى، ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ۋاكالەتسىز ئەزا، مەسئۇت سابىرى بولسا باش تەپتىش سۇپىتىدە ھۆكۈمەتتىن ئورۇن ئالىدۇ .

خىتاي، ئىنقىلابچىلارنىڭ كونترۇللىقى ئاستىدىكى غۇلجا، ئالتاي ۋ ە تارباغاتاي قاتارلىق رۇسىيەنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بۇ رايونلارنى تىزگىنلەشتىن ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا يولغا قويغان خىتايلاشتۇرۇش سىياستى، خەلقنى خىتايدىن نەپرەتلەندۇرۇپ رۇسىيەگە مايىللاشتۇرغان ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن چۆچىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، مەسئۇت سابىرىنى ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە، ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلاپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مىللەتچىلەرگە تاشلاپ قويىدۇ. ھۆكۈمەتتىكى رۇس تەرەپدارلىرى بۇ ئەھۋالدىن نارازى بولۇپ، ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا بېرىپ غۇلجىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆز مەيلى بويىچە ھۆكۈمەتتىن ئىستىپا بەرمەيدۇ.

«مىللەتچى ھۆكۈمەت» ئالدى بىلەن تۈركلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى تۇتقا قىلىپ مائارىپ ساھەسىگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال خىتاي بىلەن رۇسىيەنى ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ. 1948-يىلى شەرقىي تۈركىستاندا «ۋەزىيەت» مەقسىتى بىلەن تۇرۇۋاتقان خىتاي قوراللىق قىسىملىرى باش قوماندانى بىر خىتابنامە ئېلان قىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ رۇسىيە تەرەپدارلىرىدىن تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆچەپ تەكىتلەپ تەشۋىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ مەزگىلدە خىتايدا ماۋ زېدۇڭنىڭ مەشھۇر ئۇزۇن سەپىرى ئاخىرقى پەللىسىگە كېلىپ قالغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشىچاق بولۇش مەقسىتىدە، 1949-يىلى 1-يانۋاردا مەسئۇت سابىرى بىلەن ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا رۇسىيە چوماقچىسى بولغان كوممۇنىست بۇرھان شەھىدىنى تەيىنلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە خىتاي كوممۇنىستلىرى خىتاينى تامامەن چاڭگىلىغا ئېلىپ بولغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىغا ئەسكەر توپلىغان ئىدى. 1949-يىلى سېنتەبىردە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتچى خىتاي قوراللىق قىسىملىرى باش قوماندانى، خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ قويغىنىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. نەتىجىدە، خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى ھېچقانداق بىر ھەربىي قىسىم بىلەن تىركەشمەيلا، ئاسانلا شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىدۇ.

ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن، مەھمەت ئىمىن بۇغرا ۋە قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە قازاق ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن پاناھلىق تىلەيدۇ. مەسئۇت سابىرى بايقۇزى ئەپەندى شېھىت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ كۈندىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ زۇلمەت كۈنلىرى باشلىنىدۇ. قانچە ئون مىڭلىغان زىيالىي ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلۈپ، تۈرمىلەرگە تاشلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا، ئۇ كۈندىن باشلاپ تاھ  ھازىرغىچە خىتايغا قارشى مۇستەقىللىق كۈرىشى توختاۋسىز داۋاملىشىپ كەلدى. كۈرەش ئەڭ ئاخىرقى 5-ئىيۇن ئۈرۈمچى ۋەقەسى بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇڭلاشقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىلدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىققا ئېرىشكۈچە ئىزچىل داۋاملىشىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلسەك ھەرگىزمۇ خاتالاشمىغان بولمايمىز.

**5-1- شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تۈركىيەدە**

تۈركىيە دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسىنىڭ مەشئىلىنى ياققان تۇنجى دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلارنىڭ كۆپىنچىسى 1949-يىلى كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، 1952-يىلى ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. تۈركىيە ھۆكۈمىتى مىنىستىرلار كابىنېتى 1952-يىلى 13-مارتتا 12765/3035-32320 نومۇرلۇق قارارى بىلەن  1850 شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ كۆچمەن سۈپىتىدە تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىشىنى قوبۇل قىلىدۇ.



İstanbul'a gelişlerinde M.Emin Buğra ile İsa Yusuf'u karşılayan milliyetçiler. Soldan 1. M.Emin Buğra, 2. İsa Yusuf Alptekin, ikisinin arasında arkada Av. Bekir Berk (T.M.D. İstanbul şubesi başkanı), İsa Yusuf'un solundaki gazeteci Hikmet Saim, ikisinin arasında arkada Mehmet Emin Alpkan (sonradan Bizim Anadolu gazetesi sahibi, merhum)

تۈركىيەگە كۆچمەن سۈپىتىدە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىزلاردىن تەشكىل تاپقان. 1960-يىللاردا تەخمىنەن 400 شەرقىي تۈركىستانلىق ئافغانىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلاشىدۇ. 1980- يىللاردا خىتايدىكى «كەڭرى» سىياسەتتىن پايدىلانغان قانچە مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىق تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. بۆلۈنۈپ كەتكەن ئائىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى بىلەن قانچە يۈزلىگەن شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەن تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىدۇ. شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى نىغدە، قەيسەرى، كونيا ۋە سالىھلى قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، 1980- يىللاردىن كېيىن ئوقۇش مەقسىتىدە تۈركىيەگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار تۈركىيەدە ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشقا ئامالسىز قېلىپ،

تۈركىيەدە تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى تۇتىدۇ. كۆنىمىزدە تەخمىنەن 20000 دەك شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ تۈركىيەدە ياشاۋاتقانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا.

1951- يىلى تۈركىيەگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر ئارىسىدا، 1936- يىلىدىن 1947 -يىلغىچە گومىنداڭ (مىللەتچى خىتاي) پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىللىك قىلغان، كېيىنچە شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېتىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ باش سېكرېتارلىقىنى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەشكىلاتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە، پاراۋانلىق ئىشلىرى نازىرى بولغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەخرى مەكتەپ مۇدىرى ۋە پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان، 1948- يىلى 29-دېكابىردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلانغان مەمەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىق مەشھۇر زاتلارمۇ بار ئىدى. مەمەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن ئاكتىپ ھالدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. مەمەت ئىمىن بۇغرا 1951- يىلدىن 1954-يىلغىچە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان مەزگىلىدە «تۈركىستان» ناملىق ژۇرنال نەشر قىلدۇرىدۇ. مەزكۇر ژۇرنال تۈركىستاننىڭ ھەر ئىككى قانىتىنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشى ئۈرگىنىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ژۇرنال پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىغا خىتاب قىلاتتى. 1953-يىلى مەمەت ئىمىن بۇغرانىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ژۇرنال چىقىرىشنى توختىتىپ قويىدۇ.

مەمەت ئىمىن بۇغرا، شۇ يىلى ئەنقەرەگە كۆچۈپ كېلىدۇ. 1956- يىلى ئەنقەرەدە، «تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ئايلىق ژۇرنالنى نەشر قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ. ژورنالدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى مەزمۇن قىلغان ئەسەرلەر كۆپ سالماقلىقنى ئىگىلەيدۇ. مەممەت ئىمىن بۇغرا يەنە شۇ يىلى « The Voice of Türkistan» ناملىق ئۈچ ئايلىق ئىنگىلىزچە ژورنالنىمۇ نەشر قىلدۇرىدۇ. ھەر ئىككىلى ژۇرنال، كېيىنچە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى نەشردىن توختاپ قالىدۇ. ژۇرنالنىڭ توختاپ قېلىشىغا، تەيۋەندىكى گومىنداڭ (مىللەتچى خىتاي ھاكىمىيىتى) ھۆكۈمىتىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئامالسىز مۇھاجىرلىرىمىزغا بېرىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنى ئۈزۈپ تاشلىشى سەۋەب بولىدۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ چەكلىمىسى تاھ 80-يىللارغىچە داۋاملىشىدۇ.

مەمەت ئىمىن بۇغرا، ھارماي-تالماي ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى» ناملىق (1952-يىلى، ئىستانبۇل) يىرىك ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. مەمەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» بولۇپ، مەزكۇر ئەسەر مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، مەزمۇنىغا مۇۋاپىق ھالدا قايتىدىن رەتلىنىپ، 1987- يىلى بىرقىسىم مەرىپەتپەرۋەر شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئەنقەرەدە قايتىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدۇ.

مەمەت ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلغان دەسلەپكى يىللاردا، دۇنيا مىقياسىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كورىيە يېرىم ئارىلىدا خىتاي دۆلىتى بىلەن ئامېرىكا ئۆز-ئارا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. تۈركىيە

جۇمھۇرىيىتى كورىيەگە ئەسكەر ئەۋەتىپ يېڭىدىن شەكىللەنگەن قۇتۇپلىشىشتا غەربلىكلەرنىڭ سېپىدىن ئورۇن ئالدۇ. مەمەت ئىمىن بۇغرا ئۆز ۋاقتىدىكى ۋەزىيەتكە مۇنداق باھا بېرىدۇ:

«بىر تەرەپتىن تەيۋەن ھۆكۈمىتىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق ھەققىنى ئاغزاكى بولسىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن بېسىم قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كوممۇنىست خىتاينىڭ ئاسارىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە كوممۇنىست رۇسىيەنىڭ ئاسارىتى ئاستىدىكى غەربىي تۈركىستان، كاۋكاسىيا ۋە ئىدىل-ئۇرال خەلقلىرى ئورتاق دۈشمەنلىرىگە قارشى ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك. خىتاي ۋە رۇسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ دۇنيانى ئالداپ كېتىشىگە قەتئىي قاراپ تۇرماسلىق لازىم. كەلگۈسىدە كوممۇنىست ھاكىمىيەتلەر ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندا، ئاسارەتتىكى تۈركلەرمۇ ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشى مۇمكىن.»

مەمەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان غەربىي تۈركىستانلىق، كاۋكاسىيالىق، ئىدىل-ئۇرال ۋە ئەزەربەيجانلىق رەھبەرلەر بىلەن ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىدۇ. ئىككى رەھبىرىمىز يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىست خىتايغا قارشى تۈركىي مىللەتلەردىن بولغان مۇھاجىرلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشىدۇ.

مەمەت ئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى مېۋە بېرىشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا چاقىرىلغان خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ ئالاقىدار دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچى، مۇستەملىكە سىياستىنى ۋە رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. مەمەت ئىمىن بۇغرا خەلقئارادا بىر قاتار پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغاندىن كېيىن 1965- يىلى تۈركىيەگە قايتىپ كېلىپ، خىتايغا قارشى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شىنخۇا ئاگېنتلىقىغا تەۋە خەلق گېزىتى 1995- يىلى 18- دېكابىر سانىدا ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ ۋاپاتىنى «دۆلىتىمىزنىڭ دۈشمىنى ئۆلدى» سەرلەۋھىسى ئاستىدا ناھايىتى مۇھىم خەۋەر سۈپىتىدە ئېلان قىلىدۇ.

تۈركىيەدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان شەرقىي تۈركىستانلىق كۆچمەنلەر تۇنجى بولۇپ 1960- يىلى ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتىنى قۇرىدۇ. 1980- يىللاردا بولسا، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى قۇرۇلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 1980-يىللاردا يولغا قويغان سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياستى نەتىجىسىدە، قىسمەن بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر كۈچىيىدۇ. ناھايىتى كۆپ شەرقىي تۈركىستانلىق زىيالىي ۋە بىلىم ئەھلى ئانادولۇ تۈركلىرى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشۇپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. تۈركىيە- خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى ۋە تۈركىيەنىڭ خاتا تاشقى سىياستى نەتىجىسىدە، كېيىنكى مەزگىللەردە تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرك دۇنياسى ئۈستىدە ئويۇن ئويناشنى داۋاملاشتۇرماقتا. تولىمۇ

ئەپسۇسكى، تۈركىيە قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك خىتاي تاشقى سىياستى ھازىرچە كۆنتەرتىپتە يوق. خىتاي



غەربكە كېڭىيىش سىياستىنى سۈرئەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردە سىياسىي ۋە سودا ساھەسىدە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە نوپۇز تىكلەشكە ئۇرۇنماقتا.

1987- يىلدىن ئېتىبارەن، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەرىپەتپەرۋەر شەرقىي تۈركىستانلىقلار، خەلقئارا ياردەم ئورگانلىرى ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قاتارلىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىگە قاراتقان مائارىپ سىياستى دائىرىسىدە، كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرى تۈركىيەدە ئوقۇش ئۈچۈن كېلىشكە باشلايدۇ. 1985- يىلى 5- دېكابىردا بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار مەركىزى ھۆكۈمەتكە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ قاتتىق غۇلغۇلا قوزغايدۇ. بۇ تارىختا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياشلار ھەرىكىتى، دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق چەكلىمىلەرنىڭ ئەكسىچە، بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا يىغىلغان شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار پىكىر تەلەپلىرى يېزىلغان مەكتۇپنى خىتاي دۆلەت رەئىسلىك سارىيى جۇڭ نەنخەيغىچە بېرىپ، دۆلەت رەئىسى باش كاتىپىغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، تىنچ بىر شەكىلدە مەكتەپلىرىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار پىكىر تەلەپلىرى تۆۋەندىكىچە:

1- شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەشنى توختىتىش.

2- شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلۇۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت ۋە ئائىلە پىلانلاش سىياستىنى توختىتىش.

3- ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى سابىق رەئىسلىرىدىن ئىسمائىل ئەمەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش.

4- شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاتوم سىنىقىنى توختىتىش.

5. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.
6. خىتايدىكى مەھبۇسلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرمىلارغا يۆتكەشنى توختىتىش.

ئالاقىدار ئورۇنلاردىن مۇتەخەسسىسلەر مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر تەلەپلىرىگە جاۋاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلالمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىدەكلا، ئۇيغۇر خەلقىگە بېسىم قىلىشنى ۋە زۇلۇم سېلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھەتتا تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزا-قىشلاقلارغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئارىدىن 3 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1988- يىلى 15- ئىيۇندا ئۈرۈمچىدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەدىن ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. 1991- يىلىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن مۇستەقىل بولۇشى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىر قىسمى 1992- ۋە 1994-يىللىرى ئارىسىدا تۈركىيەگە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، تۈركىيەدە داۋاملىشىشقا باشلايدۇ. 1994- يىلى ئەنقەرەدە شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلاتتى. دېمىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېز سۈرئەتتە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتلىرىدىن بىئارام بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنى پارچىلىۋېتىش ئۈچۈن دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، رەزىل پىلانلارنى تەييارلاپ چىقىپ بىرلەشمە رەھبەرلىرى ئارىسىغا پېتنە تېرىش ۋە ئۇسەك سۆز تارقىتىشتىن باشقا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىپ، رەزىل مەقسىتىگە يېتىدۇ. يىللاردىن بېرى داۋاملاشقان بۇ ھەرىكەت توختاپ قالسا قەتئىي بولمايتتى. بۇنى تونۇپ يەتكەن يىراقنى كۆرەر پىداكار ئۇيغۇر ياشلىرى ياشلار ھەرىكىتىنى خەلقئارالاشتۇرۇش مەقسىتىدە 1996- يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە 1- نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلىيىتى چاقىرىدۇ. 1997- يىلى غۇلجا شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋەقەدىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتى شەرقىي تۈركىستانغا بۇرۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇزۇندىن بېرى شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىكنىڭ مۇھاپىزەت قىلىنىشى ۋە بىر مەركەز ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان 26 ۋەخپە ۋە جەمئىيەتنىڭ نوپۇزلۇق شەخسلىرى جىددىي ئىستانبۇلدا يىغىلىپ، مىللىي مەركەز نامى ئاستىدا تەشكىلات قۇرىدۇ. بىر ئىككى تەشكىلاتنى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەر ئاساسەن بۇ مەركەز ئاستىدا ئىتتىپاقلاشىدۇ. مىللىي مەركەز رەھبەرلىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە 1999- يىلى 5- ئىيۇن ئىستانبۇلدا يىغىلىپ، 2- نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرىدە ئېچىشنى قارار قىلىدۇ. ئارىدىن 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، 11- ئۆكتەبىردىن 16- ئۆكتەبىرغىچە گېرمانىيەنىڭ

نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى چاقىرىلدۇ. 5 ـ مىيۇنخېن شەھىرىدە 2 كۈنلۈك بەس- مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە يىغىندا مۇھىم قارارلار ئېلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ نامى شەرقىي تۈركىستان قۇرۇلتىيىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھىرى قىلىپ بېكىتىلىدۇ. دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىرى سايلىنىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىرى ياۋروپادا ياشايدىغان كىشىلەردىن بېكىتىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىراتېگىيەدە ياۋروپانى مەركەز قىلغان ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆكتىچى كۈچلەر قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلايدۇ. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقنىڭ بولماسلىقى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى. ھەممە ئادەم باشلىق بولۇشنى تەما قىلاتتى، لېكىن ھېچكىممۇ مۇئاۋىن باشلىق بولۇشنى خالىمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ قان قېنىغا سىڭىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، شەخسىيەتچىلىك ۋە ئەسىرلەردىن بېرى ئاسارەت ئاستىدا ياشاشتىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر سەۋەب بولغان ئىللەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىشالماسلىقىغا زور توسالغۇ بولۇپ كەلمەكتە. 1985- يىلدىن كېيىن تۈركىيە، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە كەلگەن ياشلار، كونىچە ئىدىيە بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ قەتئىي تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى نامى ئاستىدا يېڭىچە كۈرەش ئەندىزىسى ۋە چۈشەنچىسىگە ئىگە تەشكىلات قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ بىر تۈركۈم جەڭگىۋار، ئىلغار پىكىرلىك ۋە يىراقنى كۆرەر ياشلارنىڭ مەقسىتى، ئىلگىرىكى مۇجاھىتلاردىن ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، مەمەت ئىمىن بۇغرا قاتارلىق مەشھۇر زاتلىرىمىز باشلىغان مۇستەقىللىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش، 21- ئەسىرگە ماس ھالدا كۈرەش ئىستىراتېگىيەسى بېكىتىپ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولغان مۇستەقىللىققا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ناملىق ژۇرنال 1984- يىلدىن بېرى نەشر قىلىنىپ كەلمەكتە. چەتئەلدىكى ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار كۆك بايراق، بىرلىك قاتارلىق شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ژۇرناللار، ئىستىقلال، ئۇچقۇن قاتارلىق گېزىتلەر ۋە ھەر خىل تور بەتلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ھەققىدە تۈرك جامائەتچىلىكى، تۈركىيە ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسى، ياۋروپا ۋە ئۇيغۇرلارغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشىپ كەلمەكتە.

## 5ـ2ـ شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق ھۆججەت ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ غەربكە يۆتكىلىشى

خىتاي ئۇزۇندىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن بۇ خىلدىكى ۋەقەلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۈركىيەنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلمەكتە. غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئارقا-ئارقىدىن تۈركىيەگە يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيارەتلەر ئېلىپ بېرىپ،

تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن تۈركىيەدە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەسىلىنىڭ يىلتىزىنى تۈركىيەدىن ئىزدەشكە، پۇرسەت تاپسىلا، بولۇپمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك زىيارەتلەر ئەسناسىدا مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىپ تۈركىيەنى ئاگاھلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. 1998- يىلى ماي ئېيىدا تۈركىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىت خىتاينى زىيارەتتە قىلغاندا، خىتاي دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مۇئاۋىن باش مىنىستىر بۈلەنت ئەجەۋىت خىتاينىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە پەۋقۇلئاددە سەزگۈر قارايدىكەن» دېگەن تەدبىر بىلەن ئىزاھلايدۇ. 1999- يىلى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى باشلىقى لى پېڭ تۈركىيە زىيارىتىدە ئەينى دەۋىردىكى تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى سۇلايمان دەمىرەل، پارلامېنت باشلىقى ھىكمەت چەتىن ۋە مۇئاۋىن باش مىنىستىر بۈلەنت ئەجەۋىت بىلەن كۆرۈشكەندە، مەسىلىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىدۇ. تۈركىيە بۇ قېتىم لى پېڭغا كاپالەت بېرىدۇ. 1999- يىلى نويابىردا خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرى چى خاۋتىيەن تۈركىيەنى زىيارەت قىلغاندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەجەۋىتكە ئېيتىدۇ. باش مىنىستىر ئەجەۋىت ئۆتكەن قېتىمقى ۋەدىسىنى يەنە تەكرارلايدۇ. 2000- يىلى ئاپرىل ئېيىدا خىتاي دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن تۈركىيە جۇمھۇر رەئىسى سۇلايمان دەمىرەل بىلەن كۆرۈشكەندە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى يەنە كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىدۇ. تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سۇلايمان دەمىرەل، تۈركلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلار خىتايغا ساداقەتمەن پۇقرالار سۈپىتىدە دۆلىتىڭىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنىڭ قوغدىلىشى تۈركىيەنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى».

ھەيئەتلەر ئارا ئۇچرىشىشتا ئەنقەرەنىڭ قارىشىنى بىلدۈرگەن دەمىرەل، رەسمىي باياناتتا ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مەسىلە يوقلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. خىتاي دۆلەت رەئىسى ئەنقەرەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى سەزگۈرلۈكىگە مۇنداق جاۋاپ قايتۇرىدۇ: « ئەندىشە قىلماڭلار. بىزمۇ ئۇيغۇرلارنى ئويلايمىز. بېيجىڭ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەربىي رايون ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىللىك ۋە كەڭ كۆلەملىك تەرەققىيات لايىھەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە باشلايدۇ. تۈركىيەنىڭ ئۇ تەرەپكە مەبلەغ سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

لېكىن، تۈركىيە ھۆكۈمىتى تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان 1998- يىلى 23 - دېكابىر 36/1998 نومۇرلۇق شەرقىي تۈركىستان توغرۇلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈش بىلەنلا بولدى قىلماي، 2000- يىلى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سادەتتىن تانتان بېيجىڭ زىيارىتىدە خىتاي بىخەتەرلىك مىنىستىرى جىيا چۈن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، «جىنايەتچىلەرگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىش كېلىشىمى» ئىمزالايدۇ. يەنە جۇمھۇر رەئىس سۇلايمان دەمىرەل بىلەن جياڭ زېمىن ئۇچرىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئېلان

قىلىنغان خىتابنامىدىمۇ: «ھەر تۈرلۈك تېررورىزم، بۆلگۈنچىلىك ۋە رادىكال دىنى پائالىيەتلەرگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېگەن ئىبارىلەرگە ئورۇن بېرىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق تۈركىيە بىلەن يۇقىرىقى ساھەلەردە ئورتاق ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئاساسىنى سالىدۇ.



تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن مەزكۇر مەخپىي ھۆججەتتىن كېيىن، 1992- يىلى تۈركىيەدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى گېرمانىيەگە يۆتكىلىدۇ. 1950- يىلىدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، مەمەت ئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدا تۈركىيەدە مۇئەييەن باسقۇچقا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى گېرمانىيەدە تېخىمۇ پائال ھالغا كېلىدۇ. ھازىر گېرمانىيەدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا زور تەسىر دائىرىگە ئىگە تەشكىلاتلاردىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

**5-3- دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى**

1991- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىشى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. 1980-يىللاردا كۆپ ساندا ئۇيغۇر ياشلىرى خىتايدا يولغا قويۇلغان سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتىدە چەتئەلگە چىقىدۇ. 1994- يىلى ئەنقەرەدە شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قۇرۇلىدۇ. بىرلەشمىنىڭ مەقسىتى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئىدى. دېمىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ غوللۇق رەھبەرلىرى گېرمانىيەگە كېتىدۇ. بۇ يىراقنى كۆرەر پىداكار ياشلار گېرمانىيەگە بېرىپ، ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. قۇرۇلتاي ياشلار ھەرىكىتىنى خەلقئارالاشتۇرۇش مەقسىتىدە 1996- يىلى قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھرىدە 1- نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى چاقىرىدۇ.

2- نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى 1998- يىلى 12 - نويابىردىن 15- نويابىرغىچە تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە چاقىرىلدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قازاقىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، شۋېتسىيە ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سايلانغان 62 رەسمىي ۋەكىل ئىشتىراك قىلىدۇ. مەزكۇر قۇرۇلتايدا تۆت كۈنلۈك قىيىن بەس-مۇنازىرە نەتىجىسىدە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامىسىغا قايتىدىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، 53 ماددىلىق نىزامنامە ماقۇللىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تۇنجى باسقۇچتا ياشلار ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئىشقا ئېشىپ، كېلەچەك ھەققىدە مۇھىم قارارلار ئېلىنىدۇ.




3- نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى، ئارىلىقتىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن 2000 - يىلى 12- نويابىردىن 15 - نويابىرغىچە ئېستونىيەنىڭ پايتەختى تاللىن شەھىرىدە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا چاقىرىلدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قازاقىستان، قىرغىزىستان، گېرمانىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئامېرىكا، شۋېتسىيە ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە شۇ دۆلەتلەردە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سايلانغان 39 رەسمىي ۋەكىل ئىشتىراك قىلىدۇ. بۇ ۋەكىللەردىن سىرت، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى، دېموكراتىك خىتايلار، ئېستونىيە، گېرمانىيە ۋە فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كۆزەتكۈچىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. يىغىندا ئېستونىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە تاللىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى سۆز قىلىپ قۇرۇلتاينى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. يەنە كۆپلىگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابلىرى تەبرىك تېلگراممىسى يوللايدۇ. ئېستونىيە مەتبۇئاتى يىغىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرى، ئەستايىدىل ئويلىنىش ئارقىلىق ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامىسىغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتايدىكىگە ئوخشاش 53 ماددىلىق نىزامنامىنى بېكىتىپ چىقىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلىدۇ. يىغىندا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە ياشلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىپىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. قۇرۇلتايدا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن ئېلىنغان قارارلار تۆۋەندىكىچە:

1- ياشلار قۇرۇلتىيى ياشلىرىمىزنى مىللىي ئازادلىق كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تايانچ كۈچى دەپ قارايدۇ ۋە ياشلىرىمىزنى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ ئاكتىپچانلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

2- ياشلار قۇرۇلتىي- ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەتەن داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پۈتۈن تەشكىلات ۋە شەخسلەر بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئالاقە باغلايدۇ، ئۈستىگە چۈشكەن ھەر قانداق ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدۇ.

3- ياشلار قۇرۇلتىيى-شەرقىي تۈركىستان داۋسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە بارلىق خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

4- ياشلار قۇرۇلىيىتى-1998-يىلى 10-دېكابىردا ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە مىللى مەركەزنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

5- ياشلار قۇرۇلتىيى-خىتاي ھۆكۈمىتىدىن ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى تېزدىن توختىتىششىنى، سىياسىي سەۋەبتىن ناھەق تۇتقۇن قىلىنغان بىگۇناھ خەلقىمىزنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىدۇ.

6- ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىغا 50يىل بولغان ۋە خىتاي بۇ يىل بۇنىڭغا ئىمزا قويغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنماقتا، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى، دېموكراتىك دۆلەتلەرنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشكە ۋە جازالاشقا چاقىرىدۇ.

7- ياشلار قۇرۇلتىيى-خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىكىدىن دەرھال ۋاز كېچىشكە، بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى-ئۆزى بەلگىلەشنەك ھەققانى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىدۇ.

8- ياشلار قۇرۇلتىيى-ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قورچاق رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت قاتارلىقلارنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى ساتىدىغان، خەلقىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان توختامنامىلەرگە قول قويماسلىققا ۋە ئۇنداق توختاملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

9- ياشلار قۇرۇلتىيى- شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان بارلىق ئىنقىلابلاردا، جۈملىدىن 1990-يىلدىكى بارىن ئىنقىلابى، 1995-يىلدىكى خوتەن ۋەقەسى ۋە 1997-يىلدىكى غۇلجا ۋەقەسى قاتارلىق ئىنقىلابلاردا خىتاي مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن قىز-يىگىت شېھىتلىرىمىزنى ھۆرمەت بىلەن، رەھمەت بىلەن ئەسلەيدۇ. پۈتۈن ئىنقىلابى شېھىتلىرىمىزدىن، خىتاي تۈرمىسىدا يېتىۋاتقان پۈتۈن ئىنقىلابچىلىرىمىزدىن شەرەپ-غۇرۇر ھىس قىلىدۇ ۋە پۈتۈن ياشلىرىمىزنى ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

10-ياشلار قۇرۇلتىيى-شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان ۋە ھىسداشلىق قىلىدىغان بارلىق دۆلەتلەر، تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ياردىمىنى قوبۇل قىلىدۇ.

11-ياشلار قۇرۇلتىيى- بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلۈشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن تۈرك خەلقىگە ۋە تەشكىلاتلىرىغا،قۇرۇلتايغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلغان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىدۇ.

بۇ مەزگىللەردە، شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا ئىككى كۈچ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بىلىملىك زىيالىي ياشلاردىن تەشكىل تاپقانلىقتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن ناھايىتى بىئارام بولۇپ كېلىۋاتاتتى. 11- سېنتەبىر ۋەقەسىنى پۇرسەت بىلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنى تېررورچى تەشكىلات، قۇرۇلتاي رەئىسى دولقۇن ئەيسانى تېررورچى، دەپ ئېلان قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيىنى دۇنيا دۆلەتلىرىگە تېررورچى، تەشكىلات سۈپىتىدە كۆرسىتىپ پائالىيەتلىرىگە توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن خەلقئارادا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ئازراق بولسىمۇ رەزىل مەقسىتىگە يېتىدۇ. بۇ خەتەرلىك ئەھۋالنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەركىن ئالىپتېكىن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆز ئالدىدا مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى 2004 - يىلى 19- ئاپرېلدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە يىغىن چاقىرىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارنى بىر

مەركەز ئاستىدا ئۇيۇشتۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. نەتىجىدە بۇ قېتىمقى يىغىندا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇپ، قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىكىگە ھەممىنىڭ بىردەك ئاۋازى بىلەن ئەركىن ئالىپتېكىن سايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدۇ.

### 5ـ4ـ ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى

غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، ئاسىيادىكى ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. بولۇپمۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى ناھايىتى ئەتراپلىق بايان قىلىنغان 5 ئايرىم دوكلات ئېلان قىلىدۇ. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ يىللىق ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتلىرىدىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كەڭ ئورۇن بېرىلىشكە باشلىنىدۇ.

بولۇپمۇ، 11ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېررورىزىمنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتۇپ سولاپ، دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ چەكلەپ، ئۆرپ ئادەتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى 2004ـ يىلى ئىيۇلدا «ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى كۈرەش نامى ئاستىدا يولغا قويغان بېسىم سىياسەتلىرىدىن قاچماقتا» ناملىق دوكلاتىنىڭ 4ـسەھىپىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى بارغانچە ئېغىرلىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ناھايىتى بىئارام قىلماقتا. يەرلىك مەسئۇللار، كۆپلىگەن ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ چەكلىنىشى ۋە دەپسەندە قىلىنىشىغا بىپەرۋا قارايدۇ، بۇ ئەھۋال رايوندا كېلىپ چىقىدىغان سۈركىلىشنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئىشسىزلار قوشۇنى بارغانچە زورايماقتا. خىتايلارنىڭ رايونغا تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئېقىپ كىرىپ ئولتۇراقلىشىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدا چەتكە قېقىلىشىغا سەۋەب بولماقتا. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى خىتايچىنى ياخشى

سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ، ناھايىتى چەكلىك مائارىپ ۋە خىزمەت ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىن سىرت، كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر ئائىلىلىرى خىتاي قۇرۇلۇش بىناكارلىق خوجايىنلىرى تەرىپىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە مۇلازىمەت ۋە تۆلەم تۆلەنمەستىن ئۆز زېمىنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلماقتا.بىلدۈرۈلۈشىچە، قانچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرچە كىتاپ چەكلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلانغان. 2002- يىلى سېنتەبىر ئېيىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆپلىگەن دەرسلەرنى ئۇيغۇرچە ئۆتۈش ئەمەلدىن قېلىپ، ئورنىغا خىتايچە دەسسىتىلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە كۈلتۈر ھەق ھوقۇقلىرى بارغانچە چەكلىنىپ ئېغىر كىرزىسقا دۇچ كەلمەكتە.

## 5-5. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىششى

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىشىدە دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە. كېيىنكى مەزگىللەردە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇئەييەن باسقۇچقا كېلىدۇ. خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردىمۇ قوللاشقا ئېرىشكەن بۇ پائالىيەتلەر ھەم ئامېرىكىدا ھەمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىدە تەسىر دائىرىسىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. بىراق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ غەرب دۇنياسىدىكى پائالىيەتلىرى كۈندىن-كۈنگە يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتقان بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى پائالىيەتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق باستۇرۇشى نەتىجىسىدە كۈندىن-كۈندىن ئاجىزلاشماقتا. 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ (مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرى، ئىنسان ھەقلىرى، يادرو قورالliرى سىنىقىدىن كېيىنكى مۇھىت ئاپەتلىرى قاتارلىقلار) خەلقئارادا كۈنتەرتىپكە كېلىپ ھەممىنىڭ دىققەت ئېتىبارى قوزغىشى، خىتاينىڭ ئىچكى بىخەتەرلىك ۋە چېگرا بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا تېررورىزمغا قارشى ھەرىبىي ھەرىكەتلەر ۋە كۈرەشلەردىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى چۈشەپ قويۇشقا بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى ناھايىتى تەبىئىي. بىراق ئامېرىكىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىنسان ھەقلىرى سەۋەبىدىن داۋاملىق ئەيىبلەپ كېلىشى، ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرىنىڭ خىتايغا بېسىم قىلىشى، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىلگىرى خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەدە قولغا كەلتۈرگەن ئىستراتېگىيەلىك ئۇتۇقلىرىنىڭ ئەكسىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنى تېررورچى پائالىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ مۇۋاپىقىيەتسىز بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سىياستى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارانىڭ كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئېلىشىغا ۋە چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ زورىيىشىغا مۇئەييەن دەرىجىدە پايدىسى بولىدۇ. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خەلقئارادا مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

**5ـ6ـ شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىر مەركەز ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىدۇ**

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى 2004-يىلى 19-ئاپرېلدا گېرمانىيەنىڭ پايتەختى ميۇنخېن شەھىرىدە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، بىر مەركەز ئاستىدا ئىتتىپاقلىششنى قارار قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەسمىي قۇرۇلۇپ، رەئىسلىككە مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەركىن ئالپتېكىن تەيىنلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چەتئەللىدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى مۇئەييەن دەرىجىدە كۈچىيىدۇ.

خىتاي ھاكىمىيىتى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ پۈتكۈل بېسىملىرىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. كېيىنكى 25 يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇر كارخانىچىسى، دىنى ئۆلىما، يازغۇچى ۋە زىيالىيلار قولغا ئېلىنىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە 1994-يىلى خىتاي بويىچە ئەڭ باي 10 چوڭ كارخانىچى بولۇپ كۆرسىتىلگەن رابىيە قادىر خانىم 8 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاتالمىش رايونلۇق مەجلىس باشلىقى ھامىدىن نىياز ئامېرىكا مەجلىس مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشتىن ئىلگىرى قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىر خانىمنىڭ سوتلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، رابىيە قادىرنى «مىللىي ئىتتىپاقلىققا بۇزغۇنچىلىق» قىلىش بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.



**5ـ7ـ رابىيە قادىر خانىم ئامېرىكىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ**

1999-يىلى ئاتالمىش «مەخپىي دۆلەت مەلۇماتلىرىنى چەتئەللەرگە يەتكۈزۈپ، بۆلگۈنچى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش» جىنايىتى بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان رابىيە قادىر 8 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئامېرىكا مەجلىس ئەزالىرىغا مەخپىي مەلۇماتلارنى يەتكۈزگەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جېمىس رۇب ۋە كۆپلىگەن ئامېرىكا مەجلىس ئەزالىرى خىتايىنى زىيارەت قىلغاندا، خىتاي دائىرلىدىن رابىيە قادىرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ قاتتىق بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە رابىيە قادىر خانىم 2005- يىلى 17 - مايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئامېرىكا دېپلوماتلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەركىنلىككە چىققان رابىيە قادىر خانىم 2006-يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. كۆپ قېتىم ئامېرىكا مەجلىسى ۋە ياۋروپا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن رابىيە قادىر خانىم، رافتو ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتىغا لايىق كۆرۈلگەندىن سىرت، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولغان خىتاي ھۆكۈمتى رابىيە قادىر خانىمدىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە مېڭىۋاتقان يولىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى ئوغلىنى يوقلاڭ باھانىلەر بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىغا تاشلايدۇ. چوڭ ئوغلى ئابلىكىم ئابدۇرەھىم «ئىنتېرنېتتە ماقالە يېزىپ بۆلگۈنچىلىك قىلىش» بىلەن ئەيىبلىنىپ 9 يىل، كىچىك ئوغلى ئالىم ئابدۇرەھىم باج ئوغرىلاش بىلەن ئەيىبلىنىپ 7 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى خىتاي ھۆكۈمتىنىڭ بۇ ئادالەتسىزلىكىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇ ئەھۋالمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارالىششىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**رابىيە قادىر خانىم كىم؟**



رابىيە قادىر 1948- يىلى 14- يانۋاردا ئالتاي شەھىرىدە دۇنيا كەلگەن. دادىسى قادىر ئەپەندىنىڭ ئەسلى يۇرتى خوتەن بولۇپ، كېيىنچە ئالتايغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. دادىسى ئالتايغا كەلگەندىن كېيىن سودا بىلەن شۇغۇللانغان. خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن بايلارنىڭ مال مۈلۈكلىرىنى

كوللېكتىپلاشتۇرۇش باھانىسى بىلەن مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ دۆلەتنىڭ چۆنتىكىگە سالىدۇ. دۆلەت قادىر ئەپەندىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى 4 دۇكان، تۈگمەن ۋە يايلاقتىكى يەرلىرىنى مەجبۇرىي ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە مال دۇنياسىدىن مەھرۇم قالغان قادىر ئەپەندى ۋە ئائىلىسى ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. رابىيە قادىرنىڭ باللىق مەزگىلى ناھايىتى جاپالىق ئۆتىدۇ. 1954-يىلى مەكتەپكە كىرگەن رابىيە قادىر مەھەللىسىدە ئۇيغۇر مەكتىپى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قازاق مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ.

1962- يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئالتايدىكى چېگرا رايون ئائىلىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش پىلانى دائىرىسىدە، قادىر ئەپەندىنى كۈچا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلىدۇ. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قارارىنى قوبۇل قىلمىغان قادىر ئەپەندى تاغقا قېچىپ كېتىپ ئوۋچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ.

قادىر ئەپەندىنىڭ ئايالى تاجىنساخان، كىچىك رابىيە ۋە ئۈچ ئوغلىنى ئېلىپ ئاقسۇنىڭ كونا شەھەر ناھىيەسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چوڭ قىزى زۆھرەنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېتىدۇ. بىراق بۇ يەردىمۇ ھايات ئوخشاشلا قىيىن ئىدى. چۈنكى قىزى زۆھرە بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقتىن بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا يەتمەيتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنى قازاقچە ئوقۇغان رابىيە، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۇيغۇرچە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. رابىيە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، 15 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ كۈنلەردە بىر قوشنىسىنىڭ بانكىدا ئىشلەيدىغان ئابدۇرېھىم ئىسىملىك بىر ئوغلى بار بولۇپ، رابىيەنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرېھىم تاجىنساخاننىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىدۇ. لېكىن تاجىنساخان رابىيەنى ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، يېشىنىڭ تېخى كىچىك ئىكەنلىكىنى،دەپ ئەلچىنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. لېكىن ئەلچىلەرنىڭ ئايىقى پەقەتلا ئۈزۈلمىگەچكە تاجىنساخان خانىم ئالتايغا قايتىپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. ئالتايغا كېتىۋاتقاندا يېرىم يولدا كېسەل بولۇپ كېتىپ ئاقسۇغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ تاجىنساخان خانىم چارىسىزلىكتىن ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. رابىيە قادىر 1964- يىلى 15 ياشتىلا تۇرمۇش قۇرىدۇ.

1966- يىلغا كەلگەندە پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ. ئۇ كۈنلەردە ئالتايدا ساقچىلار تەرىپىدىن بۇيرۇقتا بويسۇنماسلىق بىلەن ئەيىبلىنىپ قولغا ئېلىنغان قادىر ئەپەندى مەجبۇرىي كۈچارغا ئېلىنىپ كېلىنىدۇ. قادىر ئەپەندى كۈچاغا كېلىپلا ئاقسۇدىكى ئايالى ۋە بالىلىرىنى يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. رابىيە قادىر بولسا يولدىشى بىلەن ئاقسۇدا قالىدۇ.

رابىيە قادىر 13 يىل ئىچىدە 6 پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇ مەھەللىدىكى ئاياللارنى يىغىپ كەشتە، پوپايكا توقۇشنى، ئاياق تىكىشنى ئۆگىتىدۇ. توقۇغان ۋە تىككەنلىرىنى مەخپىي سېتىپ كىرىم قىلىدۇ. 1977-يىلى رابىيە قادىرغا «قاراڭغۇ بازارچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، «كاپىتالىزم يولىنى تۇتۇش بىلەن» قارىلىنىپ خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىنىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن يولدىشى ئابدۇرېھىم رابىيە قادىر بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ 6 بالىسى بىلەن تۇل قالغان رابىيە قادىر، قولۇم-خوشنىلىرىدىن ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتۇرۇش شەرتى بىلەن 30 سوم پۇل قەرز ئالىدۇ. 30 سوم پۇلغا يۈزنى يېپىش ئۈچۈن بىر رومال، كىر يۇيۇش

ئۈچۈن بىر تال داس ۋە تاختا سېتىۋالىدۇ. بۇرۇنقى يولدىشى ئابدۇرېھىمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاق بولغان باشقا بىر مەھەللىدىن ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ، باشقىلارنىڭ كىر قاتلىرىنى يۇيۇشقا باشلايدۇ. كىر يۇيۇش ئارقىلىق باللىرىنى بېقىشقا مەجبۇر بولغان رابىيە قادىر، ئۈچ ئاي ئىچىدە، 4500 سوم پۇل يىغىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇنچىلىك پۇل ئاقسۇدا ناھايىتى كۆپ پۇل ھېسابلىناتتى. رابىيە باللىرىنى باقتۇرۇش ئۈچۈن بىر بالا باققۇچى تاپقاندىن كېيىن، يېزىمۇ يېزا ئايلىنىپ سەييارە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. تاغاق، يىپ، ئىچ كىيىملىرى، رومال ۋە شېكەرگە ئوخشاش ئۇششاق چۈششەك نەرسىلەرنى ساتىدۇ. كېيىنچە ياغاچ ماتېرىياللىرى سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر يىل ئىچىدە سودىسى روناق تېپىپ، مەبلىغى 200000 سومغا يېتىدۇ. رابىيە قادىر ئاقسۇدىن بىر ئۆي سېتىۋېلىپ باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان بىرسى تاپىدۇ.

ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىشلىشى نەتىجىسىدە قولى پۇل كۆرگەن رابىيە قادىرنىڭ نام شۆھرىتى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلايدۇ. ئەلۋەتتە، رابىيە قادىر بىلەن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن رابىيە قادىر، شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيەسىگە ئەزا بولۇش بىلەن ئەيىبلىنىپ، 10 يىل تۈرمىدا ياتقاندىن كېيىن، سۈرگۈن قىلىنغان سىدىق ھاجى روزىنى تاللاپ، 1978- يىلى 31- ئىيۇلدا سىدىق ھاجى بىلەن توي قىلىدۇ.

1978- يىلى خىتايدا سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. رابىيە قادىر خانىم بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سودا ئىشلىرىنى كېڭەيتىشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇ شاڭخەيگە بېرىپ، تەيۋەن ۋە شياڭگاڭدىن مال كەلتۈرۈپ سودا قىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا يولدىشى سىدىق ھاجى روزىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رابىيە قادىر خانىم ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، رابىيە قادىر خانىم سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، رابىيە قادىر ئۈرۈمچىنىڭ ئەۋزەل سودا شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ئاۋات بازىرىنى 200000 سومغا ئىجارىگە ئالىدۇ. 1987-يىلى 8-مارتتا، ئۇ «8-مارت سودا مەركىزى»نى ئاچىدۇ. مەزكۇر تىجارەت مەركىزىدە تەخمىنەن 200 تىجارەتچى دۇكان ئاچىدۇ. رابىيە قادىر بۇنىڭدىن سىرت، باشقا رايونلارغا ماللارنى توپ تارقىتاتتى. رابىيە قادىر تىجارەت ساھەسىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەبلىغىنى3 مىليون سومغا يەتكۈزىدۇ. رابىيە قادىر بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، 10مىليون سوم مەبلەغ سېلىپ 7 قەۋەتلىك «رابىيە قادىر سودا سارىيى» سالىدۇ. رابىيە قادىر سودا ساھەسىدە توختىماي ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى خىتايدىكى مىليونېرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

رابىيە قادىر يۇقىرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كېيىن، سىياسىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، دۆلەتلىك سودا-سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كارخانىچىلار، ئايال كارخانىچىلار جەمئىيەتلىرى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا-سانائەت ئۇيۇشمىسى رەئىسلىكى قاتارلىقلار ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. رابىيە قادىر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك سالاھىيىتى بىلەن سودا قىلىشقا باشلايدۇ.

خىتاي مەركىزى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى ئۇرۇمچى شەھىرىگە قازاقىستانغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىگە بىۋاستە مال يۆتكەش ھوقۇقى بېرىشى رابىيە قادىرغا تېپىلغۇسىز پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. 1992- يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا، 30دىن ئارتۇق ئۇيغۇر كارخانىچىسى بىلەن بىرلىكتە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، بۇ دۆلەتلەردىن پولات تۆمۈر ۋە پاختا ئىمپورت قىلىشقا باشلايدۇ. رابىيە قادىر بۇ جەرياندا، نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ، ئەسقەر ئاقايېۋ، ئىسلام كەرىموۋ قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. رابىيە قادىر يەنە، ئۇ مەزگىلدە ئەنگلىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىمۇ بارىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي رابىيە قادىر خانىمنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئابرويى ئۆسۈشكە باشلايدۇ.

1995- يىلى 29 - ئاۋغۇستتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاياللار كېڭىشى تەرىپىدىن بېيجىڭدا چاقىرىلغان 4- نۆۋەتلىك ئاياللار يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھىلارى كىلىنتون خانىم بىلەن كۆرۈشىدۇ. 1995- يىلى 12- سېنتەبىردە بىل گېيتىس ۋە خانىمى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئۆيىدە مېھمان بولۇپ، رابىيە قادىر ۋە يولدىشى سىدىق ھاجى روزىنى ئامېرىكىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

ئۇ مەزگىلدە سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئېلان قىلغان ماقالىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ سىدىق ھاجى روزىنى قولغا ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر تاپقان رابىيە قادىر خانىم، 1996 -يىلى 24- ئاپرېلدا يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا كېتىدۇ. سىدىق ھاجى روزى ئامېرىكىدا قالىدۇ، لېكىن رابىيە قادىر خانىم خانىم شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېلىدۇ.

1996 -يىلى 2-نويابىردا رابىيە قادىر خانىم ئىككىنچى قېتىم ئامېرىكىغا بارىدۇ. بۇ قېتىم رابىيە قادىر ۋاشىنگتوندا ئامېرىكىلىق بەزى مەجلىس ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى كۆنتەرىتىپكە ئېلىپ كېلىدۇ.

1996- يىلى قەشقەرنىڭ پەيزىۋات ناھىيەسىدە مەيدانغا كەلگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە. كۆپلىگەن ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ، نۇرغۇنلىغان كىشى ئۆي ماكانسىز قالىدۇ. يۈز مىڭلىغان دېھقان قەھرىتان سوغۇقتا كوچىدا قالىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەگە كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىنى كۆرگەن رابىيە قادىر خانىم قولىدىكى ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سودا مەركىزىدىكى تىجارەتچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 500،000 ئامېرىكا دوللىرى نەق پۇل، 27 يۈك ماشىنىسىدا ياردەم بۇيۇملىرى تەييارلاپ ئاپەت رايونىغا ئەۋەتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ياردەمگە مۇھتاج كىشلەر ئۇنىڭغا «ئانا» دەپ خىتاب قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ «رابىيە ئانا» نامى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ.

رابىيە قادىر خانىم مىليونېر بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يولى ناھايىتى راۋان بولۇپ كېتىدۇ. سىياسىي كېڭەش، ئاياللار بىرلەشمىسى، سودا-سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەركەزدىن رايونلۇق ھۆكۈمەتكىچە بولغان ھەر قايسى قاتلاملاردىكى رەھبەرلەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

1996- يىلى 1- دېكابىردا چاقىرىلغان خىتاي دۆلەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باج، مائارىپ، پىلان تۇغۇت، باراۋەرسىزلىك،تەڭسىزلىك، چىرىكلىك، ئېتىقاد

ئەركىنلىكى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئايال ۋە باللار مەسىلىلىرى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كۆنتەرتېپكە ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ نۇتقى ياخشى بولغاچقا، يىغىندا كۆچلۈك غۇلغۇلا قوزغايدۇ.

بۇ يىغىندىن كېيىن ئۇنىڭ بېشىغا كەلمىگەن قالمايدۇ. سودا ئىشلىرى بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ھەر خىل باھانىلەر بىلەن شىركەتلىرىگە ئېغىر جازالارنى قويىدۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئاستا-ئاستا ئۇنىڭدىن ئۇزاقلىششقا باشلايدۇ. 1997- يىلى 27- مارتتا ھۆكۈمەت پاسپورتىنى تارتىۋالىدۇ. رابىيە قادىر خانىم نازارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئالللبۇرۇن ھېس بولغان ئىدى. شۇڭا ئەقىدە، خانزۆھرە، مۇستاپا ۋە قىقنۇس قاتارلىق پەرزەنتلىرىنى ئامېرىكىغا ئەۋەتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، رابىيە قادىر خانىمنىڭ بەش بالىسى شەرقىي تۈركىستاندا، بەشى ئامېرىكىدا، بىرى ئاۋىستىرالىيەدە تۇرۇپ قالىدۇ.

رابىيە قادىر، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئىگىلىك تىكلەشكە، ئىقتىسادىي بېقىندىلىقتىن قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە 1997-يىلى 17-دېكابىردا «مىڭ ئانا ھەسسىدارلىق شىركىتى» قۇرۇپ چىقىدۇ. مۇھتاج ئائىلىلەرگە، تۇل-خوتۇن ۋە يېتىم-يېسىرلارغا، خەيرى ساخاۋەت ئورگانلىرىغا قولىدىن كېلىشچە ياردەم قىلىدۇ.

1999-يىلى 2-ئاۋغۇستتا ئامېرىكىدىكى يولدىشى سىدىق ھاجى روزىغا تېلېفون قىلىپ، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتا ھەيئىتىنىڭ 11- ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ «ئامانەت»لىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنى ئېيتىدۇ.

ئۇنىڭ «ئامانەت»تىن كۆزدە تۇتقىنى، ھەر خىل گېزىتلەردە ئورۇن ئالغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىزىملىكى ئىدى. سىدىق ھاجى روزى ۋە رابىيە قادىر خانىم شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ناھەقچىلىكلەرنى، ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكلىرىنى، قىيىن-قىستاقلارنى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى خىتايدا پۈتكۈل مەتبۇئات ئورگانلىرىنى دۆلەت قاتتىق كونترول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قەبىھ ئىشلاردىن جامائەتچىلىكنىڭ خەۋىرى بولماي قالاتتى.

1999- يىلى 11- ئاۋغۇستتا رابىيە قادىر «ئامانەتلەر»نى ئېلىپ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتا ھەيئىتى چۈشكەن مېھمانخانىغا ئاپىرىپ بېرىش مەقسىتىدە تاكسىغا چىقىپ يولدا كېتىۋاتقاندا، خىتاي ساقچىلىرى يوقلاڭ بىر قاتناش ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، رابىيە قادىرنى ساقچىخانا ئاپىرىپ سەۋەبسىزلا قاماپ قويىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا خىتاي ھۆكۈمىتى 2000-يىلى 8-مارت رابىيە قادىر ئۇستىدىن سوت ئېچىپ «دۆلەت مەخپىيىتىنى چەتئەلگە يەتكۈزۈپ بېرىش» بىلەن ئەيىبلەپ 8 يىل قاماق جازاسى بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئېچىنىشلىق تۈرمە ھاياتى باشلىنىپ كېتىدۇ.

رابىيە قادىر تۈرمىدىكى ۋاقتىدا، يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى رابىيە قادىرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىنىم-تاپماي چاپىدۇ. ئۇ رەپىقىسى رابىيەنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، ئامېرىكا كونگېرىسى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق ئورگانلارغا توختىماي مۇراجىئەت قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرى مېۋە بېرىپ، 2000-يىلى 2-ئىيۇلدا ئامېرىكا

كونگېرىسىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى ھەققىدە قانۇن چىقىرىلىدۇ. 2000- يىلى 9- ئاۋغۇستتا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى رابىيە قادىرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. 2000-يىلى 15-دېكابىردا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن رابىيە قادىرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. 2004-يىلى 18-مارتتا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋاشىنگىتون شۆبىسى باشلىقى ت. كۇمار شۇ يىلى جەنۋەدە چاقىرىلىدىغان ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى يىغىنىدا خىتاينىڭ ئەيلىنىپ ئەيىبلەنمەسلىكىنىڭ رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىشكە باغلىق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. 2004- يىلى 23-سېنتەبىردە رابىيە قادىرغا RAFTOمۇكاپاتى بېرىلىدۇ. ئامېرىكا ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ قاتتىق بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنى 8 يىللىق قاماق جازاسىنىڭ مۇددىتى توشماي تۇرۇپ قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

### 5-8- ھۆسەيىن جېلىل خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ

2006-يىلى مارت ئېيىدا ئايالى ۋە باللىرىنى ئېلىپ ئايالىنىڭ ئائىلىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزبېكىستانغا بارغاندا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن كانادا پۇقراسى ھۆسەيىن جېلىلغا ئۆمۈرۋايەت قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. يېڭى خىتاي ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان سوتتا، 37 ياشلىق ھۆسەيىن جېلىل بۆلگۈنچى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئۆمۈرۋايەت قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى كانادا ھۆكۈمىتىنى ھۆسەيىن جېلىل مەسىلىسىگە يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلمەسلىك بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

### 5-9- شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ياۋروپا پارلامېنتىدا

2007-يىلى 11-مايدا ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدىكى 20 كىشىلىك ھەيئەتنى ياۋروپا پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى باشلىقى ۋە بەزى پارلامېنت ئەزالىرى قوبۇل قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ياۋروپا ئىتتىپاقى پارلامېنتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.




ئەڭ ئاخىرى قېتىم 2007-يىلى 5-نويابىردا ئۆز ۋاقتىدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج ۋ. بۇش ۋە رەپىقىسى لورا بۇش شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم بىلەن مەخسۇس كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈشتە، رابىيە قادىر خانىم ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ.



### 5-10.رابىيە قادىر خانىم ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج ۋ. بۇش بىلەن كۆرۈشتى

چېخسلاۋاكىسيەنىڭ پايتەختى پىراگادا چاقىرىلغان «دېموكراتىيە ۋە بىخەتەرلىك» تېمىلىق يىغىندا قاتناشقان رابىيە قادىر خانىم يىغىننىڭ ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن جورج ۋ. بۇش بىلەن مەخسۇس كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا كۆپ ساندا دۆلەت پرېزىدېنتى، باش مىنىستىر، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، دۇنيادىكى تونۇلغان ئىنسان ھەقلىرى پائالەتچىلىرى ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، 4-نويابىردا باشلىنىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج ۋ.بۇش سۆز قىلىپ، دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىگە چوڭقۇر ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، رابىيە قادىر ۋە ئۇنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئوغلى ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: **«بۈگۈن مەن ئىنسان ھەقلىرى بايراقدارى رابىيە قادىر خانىم بىلەن كۆرۈشمەن.بىزگە نىسبەتەن، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ (خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن) سەۋەبسىزلا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلىنىشى، ئۇنىڭ ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتلىرىدىن ئۆچ ئېلىشتىن باشقا بىر ئىش ئەمەس. رابىيە قادىر خانىمغا ئوخشاش ئاىال ۋە ئەرلەرنىڭ قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ مەملىكەتلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىممىتى ئۇلار ياشاۋاتقان دىكتاتور دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە نېفىت بايلىقلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن. ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى، ئوخشىمىغان دۇنيا قارىشىدىكى ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنى ئىپادە قىلىش ھەققىنى بەرمىگەن دىكتاتور دۆلەتلەرنى ئۆز پۇقرالىرىغا قىلىۋاتقان زۇلۇمىغا خاتىمە بېرىشكە، خەلقىگە ئىشىنىپ خەلقىگە ئەركىنلىك بېرىشكە چاقىرىدۇ».** بۇش سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇش بىلەنلا، زالدىكى پۈتكۈل يىغىن ئەھلى ئورنىدىن تۇرۇپ بۇشنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ.

بۇش يىغىندىن كېيىن، رابىيە قادىر خانىم بىلەن مەخسۇس كۆرۈشتى. كۆرۈشۈشتە، رابىيە قادىر خانىم بۇشقا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە 2 ئوغلىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىغا تاشلىغانلىقىنى، ھازىر قانچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنىڭ ناھەق تۈرمىدا يېتىۋاتقانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىپ بۇ ئىنسانلارنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، تۈرمىدىن چىقىشىغا ياردەم قىلغان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئالاقىدار شەخسلەرگە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. جورج ۋ. بۇش رابىيە قادىر خانىمنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، رابىيە قادىر خانىمغا ئوخشاش ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك جەڭچىلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزىنى دېموكراتىيە ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشقا تۈرتكە بولغانلىقىنى دېدى. ئۇ يەنە ئۇيغۇر مەسىلىسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئىنتايىن قايغۇرىدىغانلىقىنى، دۇنيادىكى پۈتكۈل ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلىدۇ. كۆرۈشۈش تاماملانغاندىن كېيىن، رابىيە قادىر خانىم بۇشقا ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپىسىنى سوۋغا قىلىپ، بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

### 5-11-رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى نېمىسچە نەشر قىلىندى

2007-يىلى 17-ئىيۇندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن « Die Himmelsstürmerin » ناملىق ئەسەر نېمىسچە نەشر قىلىندى. گېرمانىيەلىك يازغۇچى ئالېكساندرا كېيۋېلىيۇس تەرىپىدىن يېزىلغان 430 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ غەرب دۇنياسىدا نەشر قىلىنىشى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى نۇقتىسىدىن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەزكۇر كىتابنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ئۈچۈن 2007-يىلى 19-ئىيۇندىن 23-ئىيۇنغىچە گېرمانىيە ۋە شىۋېتسارىيەنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە ئىمزا كۈنلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىمزا كۈنلىرىگە گېرمانىيەدىكى كۆپلىگەن سىياسىي شەخسلەر ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلدى. گېرمانىيەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق نەشرىياتلاردىن بىرى بولغان ھېينې نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مەزكۇر ئەسەركۆپلىگەن دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.




### 5-12-ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارارنامە ماقۇللىنىدۇ

2007-يىلى 17-سېنتەبىردە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارارنامە ماقۇللىنىدۇ. مەزكۇر قارارنامە ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن رۇس لېھتىنېن خانىم، تام لانتوس ۋە روھراباچېر باشچىلىقىدىكى بىر ھەيئەت تەرىپىدىن تەييارلىنىپ پارلامېنتقا سۇنۇلغان ئىدى. 497 نومۇرلۇق مەزكۇر قارارنامىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: «**خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىر خانىمنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنى تۈرمىدىن دەرھال قويۇپ بېرىشى كېرەك. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇۋاتقان كۈلتۈر، تىل، دىن ۋە مائارىپ قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى بېسىم سىياستىنى دەرھال توختىتىشى لازىم.**»

قارارنامە ماقۇللانغان يىغىندا ئاۋام پالاتا مەجلىسىنىڭ ساموۋ ئارىلى ۋە دېموكراتىك پارتىيە ۋەكىلى فەيلېماۋگا مەزكۇر قارارنامە ھەققىدە سۆز قىلىپ، كۆپ ساندا خىتاي

كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىۋاتقانلىقىنى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ تىل، دىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن غەيرەت قىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن چەكلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇ سۆزىدە يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈپ، جامەلەرنى تاقىۋېتىشكە باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئارقىدىن نيۇ جېرسىي ۋەكىلى كىرىستوفېر سىمىس مەزكۇر قارارنامە ھەققىدە قىلغان سۆزىدە، رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەشھۇر ئىنسان ھەقلىرى قەھرىمانلىرىدىن ماخات ماگېندىي، تىبەتلەرنىڭ روھانى رەھبىرى دالاي لاما بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ: «تىبەتلەرنىڭ دالاي لاماسى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ رابىيە قادىرى بار. بىز بۈگۈن ناھايىتى غەيرەتلىك لېكىن قەلبى چوڭقۇر ئازابقا تولغان بىر ئانىنىڭ "پەرزەنتلىرىمنى قويۇپ بەرگىن" دېگەن ئېچىنىشلىق نىداسىغا شاھىت بولدۇق.»

## 5-13-دالاي لاما مەجلىس ئالتۇن مېدالىغا ئېرىشىدۇ

2007-يىلى 17-ئۆكتەبىردە خىتاي تەرىپىدىن بۆلگۈنچى دەپ ئاتىلىدىغان دالاي لاماغا مەجلىس ئالتۇن مېدالى تەقدىم قىلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا مەجلىسىنىڭ تىبەتنىڭ روھانى رەھبىرى دالاي لاماغا مېدال بېرىش قارارىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە «ئېغىر» تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاگاھلاندۇرىدۇ. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ياڭ جېيچى، «بۇ ئەھۋال ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يىرىكلەشتۈرىۋېتىدۇ» دېگەندەك باياناتلارنى بېرىدۇ. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى لىيۇ جيەن چاۋمۇ دالاي لاماغا مېدال بېرىلىشىنىڭ «خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىگە ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى» ئېيتىپ ئامېرىكىنى ئەيىبلەيدۇ. خىتاينىڭ بارلىق ئەيىبلەشلىرى ۋە تەنقىدلىرىگە قارىماي، پىرېزىدېنت بۇش 16-ئۆكتەبىردە دالاي لاما بىلەن كۆرۈشىدۇ. 17- ئۆكتەبىردە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا مەجلىس ئالتۇن مېدالى تەقدىم قىلىنىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى دالاي لامانى «بۆلگۈنچىلەر كاتتىۋېشى» دەپ تەرىپلەپ كەلمەكتە. بۇ قېتىمقى مۇراسىمغا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ئانىسى رابىيە قادىر خانىممۇ تەكلىپ بىلەن قاتنىشىدۇ.

## 5-14- ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىش يىغىنى چاقىرىلىدۇ

2007-يىلى 31-ئۆكتەبىردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا «ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە بالىلىرى ئەتكەسچىلىكى» تېمىسىدا لېكسىيە بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى مەلۇمات بېرىش يىغىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھەر قايسى ساھەلەردە يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياسىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەش بىلەن

كۇنتەرتىپكە كەلگەن ئاۋام پالاتا ئەزاسى كىرىستوفېر سىمىس باشچىلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. 2008-يىلى ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنى يېقىنلىشىۋاتقاندا، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى پائالىيەتچىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىگە بۇرۇلىدۇ. خىتايدىكى ئاياللار ۋە باللار ئەتكەسچىلىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ئىچىدە ئەڭ ئېغىر بولغان قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا 2007-يىلى خىتايدىكى ئىنسان سودىسىنى كۆزىتىلىدىغان دۆلەتلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزىدۇ. بۇ دائىرىدە 2007-يىلى 31-ئۆكتەبىردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم «ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە باللىرى ئەتكەسچىلىكى» ھەققىدە لېكسىيە بېرىدۇ. يىغىندا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىنسان تىجارىتىنى كۆزىتىش ۋە نازارەت قىلىش كېڭىشى باشلىقى مارك لېيگون خىتاينى ئىنسان تىجارىتى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش باھانىسى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەش سىياستىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، بۇ قىلمىشنىڭ خىتاينىڭ مۇئەييەن بىر سىياستىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

رابىيە قادىر خانىم «ئۇيغۇر قىزلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ناھايىتى ئاز ئىش ھەققى بىلەن ئەمگەككە سېلىنىپلا قالماستىن، ئۇلارنى پاھىشە بولۇشقا مەجبۇرلىماقتا» دەيدۇ. رابىيە قادىر خانىم بۇ مەسىلىگە ئامېرىكىنىڭ جىددىي پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى، ئۇيغۇر قىزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەجلىسنىڭ قارار چىقىرىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ.



ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى كىرىستوفېر سىمىس يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياستى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

كىرىستوفېر سىمىس، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان بېسىم سىياستىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى خىتاي بازىرىدا 20000 ئەتراپىدا ئىنسان سېتىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ 90%ى ئايال ۋە باللاردىن تەشكىل تاپىدىكەن.

## 15-5. ئۇيغۇر مەسلىسى گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتىدا

(2007-يىلى 13-دېكابىر، 16-قېتىملىق سايلام مەزگىلى)

گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتىدا ۋەكىلى بولغان يېشىللار پارتىيەسى ئەزاسى ۋوككېر بېك، مارىيېلىيۇس بېك، دوكتور ئۇسچى ئېيد، تىھولو ھوپپ، ئۇتې كوسكىي، كېرتىسىن مۇللېر، ۋىنفرېد ناكۋېي، ئومىد نورىپور، كىلوۋدىيا روس، رايدېر ستېپېنبللوك، جۇرگېن تىرىتتىن، بىرلەشكەن سولچىل 90/يېشىللار) گۇرۇپپىسى، ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەييارلاپ چىققان تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتقا سۇندۇ.

### ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغدىلىشى

1-گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتىدىن تۆۋەندىكى قارارلارنىڭ ئېلىنىشى تەلەپ قىلىمىز:

ئۇيغۇرلار ئومۇمەن خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دا ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمىي تۈركىي مىللەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى موڭغۇلىيە، تۈركىيە، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەردە ياشايدىغان بولۇپ، نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ. گېرمانىيە، پاكىستان، ھىندونېزىيە، ئاۋستىرالىيە، تەيۋەن ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ياشايدۇ.



ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى سۈننى ئىسلامغا تەۋە بولۇپ، سوپىزىممۇ كەڭ ئومۇملاشقان. خىتايدا ياشاۋاتقان 20 مىليون مۇسۇلماننىڭ 7، 8 مىليونى ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى 10-ئەسىر بىلەن 17-ئەسىرلەردە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان موڭغۇلىيە كۆچمەنلىرى بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭ رايونى تۇنجى بولۇپ 1884-يىلى رەسمىيەت جەھەتتىن خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر قىسمى بولغان. 1944-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان. 1949-يىلى خىتايدا ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ رايوننى ئۆزىگە قوشۇۋالغان.

بېيجىڭنىڭ كۆچ سىياستى سەۋەبىدىن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 40% كە چۈشۈپ قالغان، ئىلگىرى 90% ئەتراپىدا ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى ئاجىزلىقلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى، كېيىنكى مەزگىللەردە بولۇپمۇ، 2001-يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ ناچارلىشىپ بارماقتا. بېيجىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن ئاققۇن خىتايلارنى يۆتكەشنى سۈرئەت بىلەن داۋاملاشتۇرماقتا. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئىقتىساد، مائارىپ، سىياسەت ۋە بىخەتەرلىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ساھەلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ ساھەلەردىن ئاساسەن دېگۈدەك ئۇزاقلاشتۇرۇلماقتا. ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي قارارلارنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا مەركىزى ھۆكۈمەت بېرىپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستان خام ماددا جەھەتتە ئەڭ باي رايونلاردىن بىرى بولۇپ، ناھايىتى مول كۆمۈر ۋە نېفىت زاپىسىغا ئىگە. بۇ تەبىئىي بايلىقلاردىن كېلىدىغان كىرىملەردىن ئۇيغۇرلار ئازراقمۇ بەھرىمان بولالمايۋاتماقتا. سودا-سانائەت ساھەسىدىمۇ مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچراپ، ئۇيغۇرلاردا ئىشسىزلىق قوشۇنى بارغانچە زورايماقتا. ئوتتۇرىچە كىرىم مەنبەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي پۇقرالىرىغا سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە تۆۋەن ھالەتتە تۇرماقتا. شەرقىي تۈركىستان ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ئىنتايىن ناچار بولغانلىقتىن، خەلق ھەر ساھەدە بارغانچە كەينىگە چېكىنىپ بارماقتا. بۇ ئەھۋالدىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار نارازى بولۇپ، نۆۋەتتىكى دۆچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئاسسىمىلياتسىيە دولقۇنىغا غەرق بولۇپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا. جەمئىيەتتە نارازىلىق ئەۋج ئالغان بولۇپ، پات-پات نارازىلىق ھەرىكەتلىرى مەيدانغا كېلىپ تۇرماقتا. لېكىن بۇ نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. دەرۋەقە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم بولغان بۇ رايوندىن ئايرىپ قېلىشنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەققىي مەنىدىكى ئاپتونومىيەلىك ھەق ھوقۇققا ئېرىششىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ، بۇ مەقسەتكە تىنچ سىياسىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئېرىششىنى خالايدۇ. 2001-يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا تېرروررىزم ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش نەزىرىدە قاراپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەبتىن كۆپلىگەن ئۇيغۇرنىڭ ھەق ھوقۇقلىرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرىغان ئەڭ سەزگۈر ئىنسان ھەقلىرىدىن بىرى دىنى ئەركىنلىكلىرى بولۇپ، خىتاي ئاساسىي قانۇنىدا دىن ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «دۆلەتكە ماسلىششچانلىقى» تەلەپكە لايىق بولمىغان تەقدىردە دەرھال چارە كۆرۈلىدۇ، دېيىلگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر تۈرلۈك چەكلىمىلەر بولۇپمۇ جامەلەر ۋە ئىماملارنىڭ ھەددىن زىيادە كونترول قىلىنىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەكتەپلەردە دىن دەرسى تەسىس قىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا قۇرئانى كەرىمنى ئۆيدە قەتئىي ساقلىغىلى بولمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا قۇرئانى كەرىمنى ئۆيدە ساقلىغان نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى قولغا ئېلىنغان ئىدى. 18 ياشقا كىرمىگەن بالىلار، ياشلار، دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ جامەگە كىرىشى قەتئىي

چەكلەنگەن. رامزان مەزگىلىدە روزا تۇتىدىغانلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان قىلمىشلارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق مىللەتلەرئارا قانۇندىن كېلىپ چىققان پۈتكۈل قانۇنىي مەسئۇلىيەتلەرگە خىلاپلىق قىلىپ كەلمەكتە. دىن ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى خەلقئارا قانۇنغا خىلاپلىق بولۇپلا قالماستىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كېلىشىمىگىمۇ ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى توختامنامىسىغا پەقەتلا ئىمزا قويغان بولۇپ، ئاۋاز بېرىشكە قاتناشمىغان ئىدى. لېكىن مەزكۇر توختامنامىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ غەرىزىنى كۆزلەپ خالىغانچە تەدبىر ئېلىش ھوقۇقى يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن باشقا، ئەزاسى بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار ھەقلىرى توختامنامىسىگىمۇ ئۇيغۇر باللىرىنىڭ دىنى ئەركىنلىك ھوقۇقىنى ۋە ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ دىنى تەلىم تەربىيە ئېلىش ھوقۇقلىرىنى تارتىپ ئېلىپ ئېغىر دەرىجىدە ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى سادىر قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستاندا دىنى ئەركىنلىكلەرنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى باشقا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ تەلىم-تەربىيە ئېلىشى چەكلەنگەندىن سىرت، ساياھەت ئەركىنلىكىمۇ ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ قويۇلماقتا. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ يىغىن ئېچىش، ئىجتىمائىي تەشكىلات قۇرۇش، پىكىرلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەش، مەتبۇئات ئەركىنلىكى قاتارلىقلار ئاساسەن دېگۈدەك كونترول ئاستىغا ئېلىنغان. 2003-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە ۋە مېدىيادا چەكلىنىدۇ. تۈرمە ۋە نازارەتخانىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق قىيىن قىستاققا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا دائىر نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلار بار. شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىنغان ئۆلۈم جازاسى قارارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئېلان قىلىنىدۇ.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان بۇ ئېغىر بېسىملارنىڭ سەۋەبىگە، 2001-يىلى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئاتالمىش تېررورچى، بۆلگۈنچى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامچى گۇرۇپپىلىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭلاشقا بۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەرگە دائىر «دەلىل-ئىسپاتلار»نى كونترول قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېررورچى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. لېكىن مەزكۇر تەشكىلات ھەققىدە بىرمۇ مۇستەقىل مەنبەنىڭ مەلۇماتىغا ئورۇن بەرمىدى. مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئاتالمىش چېتىشلىقى ھازىرغىچە ئىسپاتلىنالمىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ساھەدىكى خىزمەتلىرى، تېررورچى پائالىيەتلەر ياكى ھەرىكەتلەرگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنالمىغان سىياسىي تۈزۈمگە قارشى چىققۇچىلارغا دائىم تېررورىزم قالپىقىنى كىيگۈزۈپ ئەيىبلەش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

گېرمانىيە فېدراتسىپ پارلامېنتى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىلگەن سۈرگۈندە ياشاۋاتقان رابىيە قادىر بىلەن ئائىلىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشىغا مۇناسىۋەتلىك 2007-

يىلى سېنتەبىر ئېيىدا چىقارغان قارارىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئامېرىكا قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەت ئۆتمۈشتە بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم سىياسىتىنى يولغا قويۇشىغا يانتاياق بولغان. 2004-يىلى خىتاي بىلەن رۇسىيە ئورتاق خىتابنامە ئېلان قىلىپ، پروتوكول دۇنيانى «چېچىنىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان تېرروررچى ۋە بۆلگۈنچى» لىرىگە قارشى كۈرەشلىرىنى قوللاشقا چاقىردى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دەلىل ئىسپاتلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تېرروررچىلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش تەلىپىنى قوللايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى خىتاي بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى دائىرىسىدە بىرلىشىۋالغانلىقتىن، خىتاي بىلەن بىرلىكتە ئورتاق ئانتى-تېررورىزم خىزمەتلىرى دائىرىسىدە «ئۈچ كۈچ» دەپ ئاتىلىدىغان بۆلگۈنچىلىك، تېررورىزم ۋە رادىكال ئۇنسۇرلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، سىياسىي ئۆكتىچى ھەرىكەتلەرنىمۇ ئوخشاش نەزەردە قاراپ باستۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. بۇ دۆلەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىللىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى چەكلەش بىلەن قالماستىن، بەزى ئۇيغۇرلارنى قايتىدىن خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلغان بۇ ئۇيغۇرلارغا كېيىنچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. گېرمانىيە فېدراتىپ جۇمھۇرىيىتىمۇ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار گېرمانىيە فېدراتىپ كۆچمەنلەر ۋە پاناھلىق تىلەش باشقارمىسى تەرىپىدىن سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىلىدىغان كىشىلەر قاتارىدا كۆرۈلمىگەچكە، خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە كۆرسىتىلگەن سەۋەب قوبۇل قىلىنمىغان. شۇڭا چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ياكى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش قانۇنىي رەسمىيەتلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولۇپ قالغان. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى دۆلەت تەرىپىدىن قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكىگە قارىماستىن، خىتايدا ئېغىر ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى قىلمىشى سادىر بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

II- گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتى فېدراتىپ ھۆكۈمەتتىن تەلەپ قىلغانلىرى:

1- تېررورىزمغا قارشى كۈرەش قىلغاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئاگاھلاندۇرۇشى.

2- خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىككى تەرەپ مۇزاكىرىلەردە، گېرمانىيە-خىتاي قانۇن دۆلىتى، ئىنسان ھەقلىرى دىئالوگى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دائىرىسىدە خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە خەلقئارا كېلىشىملەردە بەلگىلەنگەن ئۇيغۇرلار بولۇپ پروتكول خىتاي پۇقرالىرىنىڭ دىن ئەركىنلىكلىرىنىڭ ھىمايە قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتلىرى چىقىش قىلغان ھالدا خىتاينى ئاگاھلاندۇرۇش.

3- خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ قوغدىلىشى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش.

4. تېررور گۇماندارلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە قانۇن دۆلىتى ئىجرائاتلىرىنىڭ ھەققىي مەنىسى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ئىككى تەرەپ مۇزاكىرىلىرى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دائىرىسىدە خىتايغا ئىزاھلاش.
5. خىتاي ھۆكۈمىتىگە جىنايەت گۇماندالىرىنى قىيناشنى قەتئىي چەكلەشنى ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بىلدۈرۈپ تۇرۇش.
6. خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا بېسىم قىلىش.
7. خىتاي ھۆكۈمىتىدىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قىيناش قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋەكىللىرىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىتېتى بىلەن قىزىل كىرېست جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى پۈتكۈل تۈرمىلارغا توسالغۇسىز كىرىشلىرىگە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلىش.
8. خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرغىچە ئىمزالاشتىن قېچىپ كېلىۋاتقان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئەھدىنامىسىنى ئاۋازغا قويۇپ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قوبۇل قىلدۇرۇش.
9. خىتاي دۆلىتىدىن قانۇن دۆلىتى ئىجرائاتلىرىنى ۋە نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىلگەن مۇھاجىرەتتىكى رابىيە قادىرنىڭ پەرزەنتلىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش.
10. يېڭى ياۋروپا ئىتتىپاقى-ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستراتېگىيەلىك پىلان دائىرىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە ئاگاھلاندۇرۇش.
11. خىتاي ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دائىرىسىدە تېرروررچىلار تىزىملىكىگە شەخس ياكى تەشكىلاتلارنى كىرگۈزگەندە نازارەت قىلىشقا مۇۋاپىق ئۆلچەملەرنى بېكىتىشنى تەشەببۇس قىلىش.
12. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دائىرىسىدە قالايمىقانچىلىقنىڭ ياكى ئاساسسىز ئەيىبلەشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن گۇماندارلار تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىگىمۇ قۇلاق سېلىنىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش.
13. خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خىتايدىكى پاناھلىق تىلەش ۋە چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ پۈتكۈل خىتاي دۆلىتىدە قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بۇ ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش.
14. فېدراتسىيە كۆچمەن ۋە مۇساپىرلار ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىش رەسمىيەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلەپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىن تەقىب قىلىنىدىغان شەخسلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ھېچ بولمىغاندا قايتۇرۇپ بېرىلىشىگە توسالغۇ بولۇش.

15ـ ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش.

16ـ گېرمانىيە فېدراتىپ جۇمھۇرىيىتى ياكى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى دۆلەتلەرنىڭ گۇەنتانامودا قاماقتا تۇرۇۋاتقان ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن «خەتەرسىز» دەپ قارالغان 13 نەپەر ئۇيغۇر قوبۇل قىلىش ياكى قىلماسلىقنى، خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئالماسلىقنى باشتىن ئاخىرى نازارەت قىلىش

**16-5- ' خىتايدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلار ' ناملىق كىتاب ياپونىيەدە نەشر قىلىندى**

ياپونىيىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ياپونىيە مەركىزى ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى مىزۇتانى نائوكو خانىم يازغان "خىتايدىن سۈرگۈن قىلىنغان ئۇيغۇرلار" ناملىق كىتاب 2007 - يىلى 10 - ئاينىڭ 20 - ئۆكتەبىردە ياپونىيەمنىڭ توكيو شەھرىدە نەشر قىلىندى. كىتابنىڭ قوشۇمچە ماۋزۇسىغا "نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ كۈچلۈك نامزاتى رابىيە قادىر خىتايلارنىڭ ۋەھشىيلىكىدىن ناھايىتى نارازى" نامى بېرىلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا رابىيە قادىر خانىم شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى ئالدىدا چۈشكەن سۈرىتى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كىتاب 220 بەتلىك بولۇپ، جەمئىي 6 بابتىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرىنچى بابدا «بايلىق تەختىدىن قاراڭغۇ زىندانلىرىغىچە، سىياسىي سۈرگۈندىن شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىشى» تېمىسى ئاستىدا رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى ۋە سۈرگۈندىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. مەزكۇر كىتاب چەتئەلدىكى ئۇيغۇر داۋاسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.




**5ـ17ـرابىيە قادىر خانىم ياپونىيە پارلامېنتىدا**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم ياپونىيەدە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن 2009ـيىلى 7ـنويابىردا ياپونىيەگە باردى. 29ـنويابىرغىچە داۋاملاشقان بۇ قېتىمقى 3 ھەپتىلىك زىيارىتى جەريانىدا ياپونىيەنىڭ 9 چوڭ شەھىرىدە لېكسىيە بەردى. توكيو مۇخبىرلار جەمئىيىتىدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. 28ـيانۋاردا بولسا ياپونىيە ئاۋام پالاتاسىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلدى. رابىيە قادىر خانىم بۇ قېتىمقى ياپونىيە زىيارىتى، تىبەتلىكلەرنىڭ روھانى رەھبىرى دالاي لاما، تەيۋەن گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ باشلىقى ما يىڭ جۇ، تەيۋەن دېموكراتىك ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى مۇئاۋىن باشلىقى شېن چاڭيېن قاتارلىق شەخسلەرنىڭ زىيارىتىگە ئوخشاش ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قېلىشى، رابىيە قادىر خانىم زىيارىتىنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلدى.

رابىيە قادىر خانىم 2007ـيىلى 28ـيانۋاردا ياپونىيە پارلامېنتىدا سۆز قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەققىدە توختالغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى كۈندە شەرقىي تۈركىستاندا سادىر قىلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياپونىيە لىبېرال ۋە دېموكراتىيە پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى، تونۇلغان سىياسەتچىلەر، سابىق ئىقتىساد ۋە سودا ئىشلىرى مىنىستىرى سىراناما تاكىئو، سابىق يېزا-ئىگىلىك مىنىستىرى ناگوۋا سىئىكې، مۇئاۋىن باش مىنىستىر ياماناتې ئېرىكو قاتارلىق شەخسلەرمۇ ئىشتىراك قىلدى. بۇلاردىن باشقا، ياپونىيە دېموكراتىيە پارتىيەسى ۋە كوممۇنىست پارتىيە رەھبەرلىرىمۇ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ

دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى يولىدا قىلىۋاتقان كۈرەشلىرىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشىدۇ.

## ياپونىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسى

2008-يىلى 5- مايدا خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋ ياپونىيەدە زىيارەتتە بولۇشتىن ئىلگىرى، ياپونىيە پارلامېنتىدىكى ئۈچچىل پارتىيەلەر خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى تېمىسىدا يىغىن چاقىرىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنغا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالەت دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا قاتنىشىپ، ياپونىيە پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مۇخبىرلارغا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. يىغىندا يەنە دولقۇن ئەيسا ياپونىيەلىك سىياسەتچىلەرنى 5-مايدا ياپونىيەدە زىيارەتتە بولىدىغان خىتاي دۆلەت رەئىسى خۇ جىنتاۋدىن شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى، بولۇپمۇ ناھەق تۈرمىدا يېتىۋاتقان سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياپونىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى شىنزو ئابې، سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تارو ئاسو ۋە سابىق سانائەت ۋە ئىقتىسادى ئىشلىرى مىنىستىرى خانۇما، كۆپ ساندا پارلامېنت ئەزاسى ۋە تونۇلغان مۇخبىرلار ئىشتىراك قىلىدۇ. ياپونىيەدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە كۆپلىگەن ماقالە ۋە كىتاب يازغان تەتقىقاتچى يازغۇچى مىزۇناتى ناۋكو خانىم يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىنى تېرروررچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بەزى ياپون مېدىيا ئورگانلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ كۆز بوياmچىلىقىغا ئىشىنىپ قالغانلىقلىرىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ سۆزىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قەتئىي تېرروررچى ئەمەسلىكىنى، خىتاينىڭ بېسىم ۋە زۇلۇمى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان مەزلۇم خەلق ئىكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 11-سېنتەبىر ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، كۆپ ساندا ئۇيغۇرنى ناھەق تۈرمىغا تاشلىغانلىقىنى، شۇڭا ياپون خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى دەيدۇ. ئارقىدىن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ياپونىيە ۋەكىلى تېراناكا ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆز قىلغاندا، 10 يىلدىن بېرى خىتاي تۈرمىسىدا يېتىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخچىسى توختى نىيازنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، توختى نىيازنىڭ ياپونىيەدە ياشاۋاتقان ئايالى رابىيە توختى خانىم يىغىن ئەھلىگە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 18-5- بېرلىندا ياش ئۇيغۇر رەھبەر يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلىدۇ

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا قاراشلىق ۋاكالەتسىز مىللەت ئورگىنى ۋە ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى دېموكراتىيەنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەقپەسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش يىغىنى» دائىرىسىدە، 2008-يىلى 20-ئاپرېلدىن 23-ئاپرېلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر ياش رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى ھولىدېي ئىنن مېھمانخانىسىدا



ئېچىلدى. كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، قازاقىستان، گېرمانىيە، فىرانسىيە، نورۋېگىيە، تۈركىيە، قىرغىزىستان قاتارلىق 13 دۆلەتتىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر ۋە قازاق ۋەكىللىرى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى، داڭلىق سىياسەتچىلەر، گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسئۇللىرى ۋە مۇخبىرلار بولۇپ 150 ئەتراپىدا كىشى ئىشتىراك قىلدى.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى مەسئۇللىرىدىن نوكا ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەركىن مەتبۇئاتلارنىڭ ئۇ يەرلەردە بولىۋاتقان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشى كېرەكلىكىنى، ئامېرىكا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئاقلىنىپ گۇەنتانامودىكى تۈرمىدا يېتىۋاتقان 17 ئۇيغۇرنى ھازىرغىچە بىرمۇ دۆلەتنىڭ قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ ئامېرىكا ۋە گېرمانىيە ئۈچۈن نومۇس قىلارلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. نوكا ئاخىرىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇشىنىڭ ئىنتايىن خاتا قىلمىش ئىكەنلىكىنى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلىدۇ.

**ئۇيغۇر ياش رەھبەر نامزاتلىرى فېدراتىپ گېرمانىيە پارلامېنتىدا**

22-ئاپرىلدا گېرمانىيەدىكى 13 گېزىت ۋە كۆپلىگەن تېلېۋىزىيە قانىلىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئورۇن بېرىلدى. 2008-يىلى 23-ئاپرېل چۈشتىن ئىلگىرى گېرمانىيە پارلامېنت بىناسىدا يېشىللەر پارتىيەسى باشلىقى كىلاۋدىيا روس دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدىكى ھەيئەت بىلەن كۆرۈشىدۇ. كۆرۈشۈشتە، كىلاۋدىيا روس ئۇيغۇر ھەيئىتىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدىن ئىلگىرىكى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم سىياسىتى ھەققىدە مەلۇمات ئالىدۇ. ئارقىدىن فېدراتىپ گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى ۋە ياردەم كومىتېتى مۇئاۋىن باشلىقى ئىجتىمائىي دېموكراتىيە پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى ئانگېلىكا گىراف خانىم بىلەن رەيىن رۇشچېنمۇ شەرقىي تۈركىستاندا بولىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات ئالىدۇ. گىرافمۇ ھەيئەتتە ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كومىتېتنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ شەرقىي

تۈركىستان مەسىلىسىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى باھانە قىلىپ ئۇيغۇرلارغا بېسىم قىلىۋاتقانلىقىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدە ئىنتايىن پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئۈچۈن گېرمانىيە فېدراتىپ پارلامېنتىنىڭ خىتايغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ھەيئەت بارىدىغان يەرلەر ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭمۇ بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ.

**5-19-دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 3-نۆۋەتلىك يىغىنى ۋاشىنگتوندا چاقىرىلىدۇ**

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 3-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 2009-يىلى 21-ماي پەيشەنبە كۈنى ئامېرىكا پارلامېنت بىناسىدا رەسمىي باشلىنىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللەر، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 150 كىشى قاتنىشىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي، 1992-يىلىدا چاقىرىلغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلتايلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرى ۋە ئالىي پالاتا ئەزالىرىدىن 6 كىشىمۇ بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا ئىشتىراك قىلىدۇ. ئۇلارمۇ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىسقىغىنە سۆز قىلىپ، قۇرۇلتاينىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسىدا چاقىرىلىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. قۇرۇلتايدا تۇنجى بولۇپ ئاۋام پالاتا ئەزاسى لىنكېن دىياز بالارت ئۇيغۇرلارنىڭ داۋاسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى، بۇ داۋادا ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرنى ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى پارلامېنت بىناسىغا ئېلىپ كەلگەن نەرسە سىلەرنىڭ داۋايىڭلاردۇر». ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر داۋادا ئىزچىللىقنىڭ ۋە چىدامچانلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.



ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ھەر قانداق كۈرەشتە ئەڭ مۇھىم بولغان ئامىل ئۇنىڭ تەۋرەنمەس بولۇشىدۇر. ئەڭ قىيىن كۈرەشلەر چىدامچانلىق ۋە ئىزچىللىق تەلەپ قىلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ ھازىر بۇ يەردە بولمىغانلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئىرادىلىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان جاسارەتلىرىڭلارغا تولۇق ئىشىنىمەن. سىلەر بىرەر ۋەكىل بولۇپ، پۈتكۈل مىللىتىڭلارغا ۋەكىللىك قىلىسىلەر...». لىنكىېن دىياز بالارت سۆزىدە يەنە، ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقلىرىنى تەكىتلەپ، ئۇيغۇر ۋەكىللەرنىڭمۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى دەيدۇ.

كىرىستوفېر سىمىسمۇ قۇرۇلتايدا سۆز قىلغان ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ، سۆزىدە ختاي دائىرلىرى ۋە ئوباما ھۆكۈمىتىگە چاقىرىق قىلىپ: «ختاي ھۆكۈمىتىگە قىلىدىغان چاقىرىمىز ناھايىتى ئوچۇق. يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئوباما ھۆكۈمىتى ۋە دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ھۆكۈمەت ختاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىنى ئالدىنقى پىلانغا چىقىرىشى كېرەك. تولىمۇ ئەپسۇسكى، مەيلى ئوباما ھۆكۈمىتى بولسۇن مەيلى ختاي ھۆكۈمىتى بولسۇن ھازىرغىچە بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىدىم».

كىرىستوفېر سىمىس، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇرۇلتايدا سۆز قىلغاندا بەزى خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ختاي ھۆكۈمىتى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدىكى قىلمىشلىرىنىڭ ئىپادىلىرى بولسا، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، ئۆيمۇ ئۆي ئاختۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ ساياھەت ھەققىنى چەكلەش، ئۇيغۇر تور بەتلىرىنى كونترول قىلىۋېلىش، مەسچىت، دىن ئۆلىمالىرىنى نازارەت قىلىش، دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاياللارنىڭ ئورنىشى، روزا تۇتۇش ۋە ھەجگە بېرىش قاتارلىقلارغا توسالغۇ بولۇش

قاتارلىقلار... بەزى شەھەرلەردە ئۇيغۇرلار كوللېكتىپ ھالدا تۇتۇن قىلىنىدىغان ئىشلار كۆرۈلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە باللارمۇ بار. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتلىرىغا نەزەر سالغىنىمىزدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا رەسمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق يولغا قويۇپ كەلگەن».

قۇرۇلتايدا ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزالىرىدىن فىرانك ۋولفېرمۇ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە گۇەنتانامودىكى 17 ئۇيغۇرنى ئامېرىكىدا قېلىشىغا قاتتىق قارشى چىققان جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بىرى بولۇپ، قۇرۇلتايدىكى سۆزىدە نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داۋاسىدا ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن گۇەنتانامودىكى 17 ئۇيغۇر مەھبۇسنىڭ ئامېرىكىدا قېلىش مەسىلىسىدە ئىنسانىي سەممىيىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قارار بەردىم. ئەگەر مەن بۇنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسام ئادالەتسىزلىك قىلغان بولاتتىم. لېكىن گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى روشەن پەرق ۋە چەك-چېگرا مەۋجۇت. سىلەر دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرى ۋە دىنى ئەركىنلىكلەر ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلار بولساڭلار، ئۇلار تېررور تەلىمى ئالغان كىشىلەردۇر. مېنىڭ پىكرىمگە قارشى پىكىر قىلىدىغانلارمۇ چىقىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ سىلەرنىڭ ھوقۇقىڭلار. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت پىكىر ئوخشىماسلىقى ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ خىتاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقلەردىن بىرى. مەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ۋە دىنى ئەركىنلىك كۆرەشلىرىنى قوللايمەن، بۇ داۋادا مەن سىلەر بىلەن بىر سەپتە». ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى بىل قۇرۇلتايدا سۆز قىلغاندا گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ئاقلاپ، خىتاينىڭ ئامېرىكىنىڭ گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا توسالغۇ بولۇش بىلەن ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىشىلەرنى ئافغانىستاندا پاكىستانلىقلار ئامېرىكىلىقلارغا ھەر بىرىنى 5000 دوللار بەدىلىگە ساتقان. بۇش ھۆكۈمىتى ئۇلارنى سوت مەھكىمىلىرىنىڭ «دۈشمەن جەڭچىسى ئەمەس» دېگەن ئاقلاش قارارىنىمۇ نەزەرگە ئالماي، گۇەنتانامودا تۇتۇپ تۇرماقتا. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىزچىل گۇەنتانامودا تۇتۇپ تۇرۇلۇشى ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشىدىن بولغان».

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى، ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى باشلىقى جېمىس ماك گوۋېر ئوباما ھۆكۈمىتىدىن گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى ئامېرىكىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆرۈمچىدىكى سوت مەھكىمىلىرىدىن ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزمۇ گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلار ئادىل ۋە ھەققانىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. بىز بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ ئىشنىڭ تۈيۈقسىزلا ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماسلىقىمىز ۋە ئابرويىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم. ئامېرىكىنىڭ گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇرلارنى گېرمانىيەگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشى يېتەرلىك ئەمەس. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ئۇيغۇرلارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دەپ قارايمەن» . ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى ئەزالىرىدىن شېرود بىرووۋن قۇرۇلتايدا سۆز قىلغاندا، بىر پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنى ۋە كۈلتۈر ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش ھەققىدە بىر قارار لايىھەسى تەييارلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىدا بۇ يەرگە يىغىلغانلىقلىرىنى تەكىتلىگەن ئاۋام پالاتا ئەزاسى بىرووۋىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «شۇڭلاشقا مەن ئاۋام پالاتاسى ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن تىنچلىقنى ئاساس قىلغان ھالدا خىتاينى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈلتۈر ۋە دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى مەسىلىسىدە تەييارلىنىۋاتقان قارار لايىھەسىگە مۇناسىۋەتلىك نۇتۇقلاردىن بىرى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلىرى كومىتېتىدا ۋەزىپە ئۆتەيدىغان كارا ئابرامسوننىڭ ئۇيغۇرچىغا مۇناسىۋەتلىك نۇتىقى ئىدى.» كارا ئابرامسوم قىلغان سۆزىدە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەرگەن تەكلىپ پىكىرلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكا مەجلىس بىناسىدىكى 3-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش كۈنى سائەت 2:30كىچە داۋاملىشىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى3-نۆۋەتلىك يىغىنى 22-ماي كۈنىمۇ دۇللاس ھيييات مېھمانخانىسىدا داۋاملىشىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، تۈركىيە، شىۋېتسىيارىيە، نورۋېگىيە، گوللاندىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، فىرانسىيە، بېلگىيە، ياپونىيە، گېرمانىيە ۋە دانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 112 ۋەكىل، 40 ئارتۇق كۆزەتكۈچى قاتنىشىدۇ. يىغىن باشتىن-ئاخىرى دېموكراتىك ئۇسۇللارغا ۋە قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. يىغىننىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە، يىغىننىڭ ئۈچ يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئوقۇلغاندىن كېيىن، دوكلات ھەققىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىپ، 3 يىللىق خىزمەت دوكلاتى ۋەكىللەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئارقىدىن ۋەكىللەر پىكىر قاتناشتۇرۇپ قۇرۇلتاي نىزامنامىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نىزامنامىسى بويىچە، دېموكراتىك ئۇسۇلدا قۇرۇلتاي رەئىسى، مۇئاۋىن قۇرۇلتاي رەئىسلىرى، باش كاتىپ، مۇئاۋىن باش كاتىپلار، ماليە باشلىقى قاتارلىقلار سايلىنىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ ئىلگىرىكى رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم بىردەك ئاۋاز بىلەن ئىككىنچى قېتىم رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. مۇئاۋىن رەئىسلەر مەخپىي بېلەت تاشلاش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. 23-مايدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئىستىراتېگىيەلىك پىلانى مەسىلىسىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ۋەكىللەر ئۇزۇن ۋاقىت بۇ مەسىلە ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىدە بۇرۇنقىغا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي تۇيغۇلىرى ۋە ئىرادىسىنى چىقىش قىلغان ھالدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ نىزامنامىسىنىڭ روھىي بويىچە ھەرىكەت قىلىشنى ۋە مىيونخىن خىتابنامىسىگە رىئايە قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىدا، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىكى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش، دېموكراتىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىنچلىق ۋە دېموكراتىيە يولىنى تاللىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 2004-يىلى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئاممۋى تەشكىلاتىلىرىنىڭ مەركەز تەشكىلاتى سۈپىتىدە قۇرۇلغان ئىدى. ئەركىن ئالىپتېكىن تۇنجى بولۇپ دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە چاقىرىلغان بولۇپ، رەئىسلىكىگە رابىيە قادىر خانىم سايلىنىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 3- نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ۋاشىنگتوندا چاقىرىلىشى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا ناھايىتى مۇھىم يېڭىلىق بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارالاشقانلىقىنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

## 5-20-رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى ، ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم باشچىلىقىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھەيئىتى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن بىريۇسسېلدا زىيارەتتە بولىدۇ. 3-سېنتەبىر پەيشەنبە كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەرنى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 5-ئىيۇلدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىگە قارشى تىگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشقا ۋە سۈكۈت قىلماسلىققا چاقىرىدۇ.

رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا پارلامېنتىدىكى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىدىن لىبېرال دېموكراتىيە پارتىيەسى، يېشىللار پارتىيەسى، خىرىستىيان دېموكراتلار ئىتتىپاقى، سوتسىيالىستلار ئىتتىپاقى قاتارلىقلارنىڭ گۇرۇپپا مەسئۇللىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشىدۇ. رابىيە قادىر خانىم يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى ئالاقە كومىتېتى باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، بولۇپمۇ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ، ياۋروپا پارلامېنتىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ياۋروپا پارلامېنتى مۇئاۋىن باشلىقى لىبور روكېك رابىيە قادىر خانىم، دولقۇن ئەيسا، ئەسقەرجان ۋە ئۆمەر قانات قاتارلىق دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى مەسئۇللىرىدىن تەشكىل تاپقان ھەيئەتنى قوبۇل قىلىدۇ.




بۇ قېتىمقى سۆھبەت 40 مىنۇت داۋاملاشقان بولۇپ، سۆھبەتتە لىبور روكېك رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ۋە 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە بەرگەن

مەلۇماتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنى يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، رابىيە قادىر خانىمنىڭ بۇ مەسىلىدە ناھايىتى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ كۈنتەرتىپىدە بولىدىغانلىقى، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدىغانلىقلىرىنى قەيت قىلدى.

2008-يىلى 2-سېنتەبىردە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىم ياۋروپا پارلامېنتى باشلىقى بارىسسو بىلەن كۆرۈشتى. شۇ كۈنى كەچتە رادىسسون مېھمانخانىسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «مۇھەببەتنىڭ ئون شەرتى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتكە ياۋروپا پارلامېنتى ئەزالىرى ۋە بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ كۆپ ساندا كىشى ئىشتىراك قىلدى.

### 21-5-رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى ئىنگلىزچە، ئىتالىيەچە، ياپونچە ۋە تۈركچە نەشر قىلىندى

2007-يىلى 17-ئىيۇلدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن « Die Himmelsstürmerin» ناملىق ئەسەر نېمىسچە نەشر قىلىندى. نېمىس يازغۇچىسى ئالېكساندىرا كەيۋىلىيۇس تەرىپىدىن يېزىلغان 430 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك كىتاب، 2009-يىلى ئىنگلىزچە، ئىتالىيەچە، ياپونچە ۋە تۈركچە قاتارلىق تىللاردا نەشر قىلىنىشى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەزكۇر ئەسەرنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان تىلغا تەرجىمە قىلىنىشى كۈتۈلمەكتە.




**5ـ22ـ گۇەنتانامو مەھبۇسلىرىدىن 4 ئۇيغۇر بېرمۇدا ئارىلىغا يۆتكەپ كېلىندۇ**

دۇشمەن ئەسكىرى، دەپ ئەيىبلىنىپ زەنجىر كىشەنلەر بىلەن گۇەنتاناموغا ئېلىپ كېلىنىپ بۇ يەردە 7 يىل ياتقاندىن كېيىن، 2009-يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە قويۇپ بېرىلىپ بېرمۇدا ئارىلىغا ئەۋەتىلگەن 4 نەپەر ئۇيغۇر، ھازىر ئەركىنلىكنىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە.

نيۇ يورك تايمىس گېزىتى مەزكۇر 4 ئۇيغۇر ھەققىدە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: « بۈگۈن ئەتىگەن تۇيۇقسىزلا بېرمۇدا ئارىلىغا ئېلىپ كېلىنگەن 4 ئۇيغۇر ھازىر تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى. يەرلىك خەلق تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان كونا گۇەنتانامو مەھبۇسلىرى ھازىر قۇياشنىڭ، دېڭىزنىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە.»

بۇلاردىن ئىچىدىن 32 ياشلىق سالاھىدىن ئابدۇلئەھەد، «تۇنۇگۈن تۇنجى بولۇپ دېڭىزغا سۇ ئۈزۈش ئۈچۈن بارغان ئىدىم، بۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز كۈن ئىدى» دەيدۇ. ھاياتىدا تۇنجى قېتىم بېلىق تۇتۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقىنى ئېيتقان 31 ياشلىق خېلىل مامۇت، «بېلىق تۇتۇشقا چىققاندا قاتتىق ھاياجانلاندىم. سۇغا قارماقنى ئېتىپلا، بىر تال بېلىق تۇتۇۋالدىم» دەپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

بېرمۇداغا خىزمەت ۋىزىسى بىلەن كەلگەن 4 ئۇيغۇرغا بىر يىل ئىچىدە گىراژدانلىق بېرىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.




2007-يىلى گۇەنتانامودىكى ئۇيغۇردىن بەشى ئالبانىيەگە ئەۋەتىلدۇ.

### 5-23- خىتاي ھۆكۈمىتى گۇەنتانامودىكى 6 ئۇيغۇرنىڭ پالاۋغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۇ

خىتاي ھۆكۈمىتى گۇەنتانامو تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن 6 ئۇيغۇرنىڭ پالاۋ ئارىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىشىدىن قاتتىق بىئارام بولغانلىقىنى بىلدۈردۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى 6 ئۇيغۇرنىڭ تېررورچى گۇماندارى ئىكەنلىكىنى، بۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈردۇ. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى كېللىي 6 ئۇيغۇرنى قوبۇل قىلغان پالاۋ ھۆكۈمىتىگە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، كۇبا ئارىلىدىكى ئامېرىكا ھەربىي بازىسىغا سېلىنغان گۇەنتانامو تۈرمىسىنى تاقىۋېتىش يولىدا مۇھىم قەدەم تاشلانغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. پىرېزىدېنت ئوباما ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىپلا، گۇەنتانامو تۈرمىسىنى بىر يىل ئىچىدە تاقىۋېتىشنى قارار قىلغان ئىدى.



ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىققان 6 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇۋېتكەن تەقدىردە، قاتتىق جازاغا تارتىلىشىدىن ئەندىشە ھېس قىلاتتى.

گۇئەنتانامودا 22 نەپەر ئۇيغۇر قاماقتا ئىدى.بۇلاردىن 5ى ئالبانىيەگە، 4ى بېرمۇداغا، 6سى پالاۋغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇ.

**پالاۋدىكى 6 ئۇيغۇر**

2009-يىلى 1-ئۆكتەبىردە پالاۋغا يېتىپ كەلگەن 6 نەپەر ئۇيغۇر 8 يىل داۋاملاشقان تۈرمە ھاياتىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم سىرتقا چىقىپ، سودا-سېتىق قىلىشىدۇ. ئەركىن ئاسىيا مۇخبىرلىدىن شۆھرەت ھوشۇر، ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە روھىي ھالىتى ھەققىدە ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلغان مەمتىمىن ئەلا ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەلى مۇھەممەد بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. مەمتىمىن ئەلا پالاۋ باش مىنىستىرى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىن مەخسۇس تەيىنلەنگەن 30دەك كىشىنىڭ 6 ئۇيغۇرنى مەخسۇس كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئايرۇدۇرمغا كەلگەنلىكىنى، پالاۋ باش مىنىستىرنىڭ 6 ئۇيغۇرنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بىۋاستە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەلى مۇھەممەد گۇئەنتانامودىكى تۈرمە ھاياتى بىلەن پالاۋدىكى ئەركىن ھاياتى ھەققىدە ئۆز تەسىراتلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەلى مۇھەممەد پالاۋ باش مىنىستىرى ۋە خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتىۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن تەسىرلەنگەنلىكىنى، لېكىن تۈرمىدىن چىقىپلا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇسالغۇلىرىغا دۇچ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تۈرمىدىن چىققانلىقىمىزغا ئىنتايىن خوشال بولدۇق، چۈنكى ئائىلىمىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈپ ئۇلاردىن ھال ئەھۋال سورىيالايتتۇق، ئۆزىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا سۆيۈنۈپ تۇرۇپ يەتكۈزەلەيتتۇق. تولىمۇ ئەپسۇسكى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنتېرنېت ۋە تېلېفوننى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى ئۈچۈن بۇ ئارزۇيىمىزغا يېتەلمىدۇق». ئەلى مۇھەممەد يەنە، تۈرمىدىن چىققانلىقىدىن ئىنتايىن خوشال بولغانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ پالاۋدا ۋاقىتلىقلا تۇرالايدىغانلىقىنى، شۇ بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلىدۇ

پالاۋ تىنچ ئوكيانغا جايلاشقان جايلاشقان 2000دەك نوپۇسقا ئىگە بىر ئارال دۆلىتى.

قىسقىسى، كېيىنكى 30 يىلدا شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئىنسان ھەقلىرى جەھەتتە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرىدە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولسا، تۈرك دۇنياسى ۋە ئىسلام دۇنياسىدا كۆرىنەرلىك دەرىجىدە چېكىنىش كۆرۈلدۇ. بەزى كۆزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ ئالدىمىزدىكى يىللاردا دۇنيانىڭ ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدىغانلىقىنى، ھەل قىلىش يوللىرى ئۈستىدە باش قاتتۇرىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

## 6ـ1ـ5ـئىيۇل ۋەقەسىگە قاتناشقان بىر ئوقۇغۇچى بىلەن 6ـئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى ھەققىدە

**ئەركىن تارىم: 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى قانداق باشلاندى؟**

**شاھىت:** 5ـئىيۇلدا 1500دەك ئوقۇغۇچى 26ـئىيۇندا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەن شەھىرىدىكى بىر ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا خىتاي ئىشچىلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ جاۋابكارلىرىنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىقا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلىپ، خەلق مەيدانىدا تىنچلىق ھالدا نامايىش ئۆتكۈزدۇق. خىتاي ساقچىلىرى تارقىلىپ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. بىز تارقىلىپ كېتىشنى رەت قىلغاچقا، خىتاي ساقچىلىرىغا بىزگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. نەتىجىدە ئارىمىزدىن بىر نەچچىسى يەرگە يىقىلدى. بۇنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ساقچىلىرى ئارىسىدا سۈركىلىش پەيدا بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق. لېكىن خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قولىدا قورال بار، خىتاي ساقچىلىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان ئۇيغۇرلار ئەتراپتىكى خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.



**ئەركىن تارىم: قانچە كىشى ئۆلگەنلىكىنى كۆرەلىدىڭىزمۇ؟**

**شاھىت:** توقۇنۇش ئەسناسىدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ سانى تەخمىنەن 150تىن 200گىچە چىقىدۇ. تەخمىنىمچە، 5ـئىيۇلدىن ھازىرغىچە ئۆلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 800دىن 1000غىچە كېلىدۇ، يارىلانغانلارنىڭ سانى 2000دىن 3000غىچە كېلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن تىنچلىق نامايىشى ئېتىنىك توقۇنۇشقا ئايلىنىپ كەتتى.

**ئەركىن تارىم: ھازىر ۋەزىيەت قانداق؟**

**شاھىت:** كوچىدا بىرمۇ ئۇيغۇرنى كۆرەلمەيسىز. كوچىلاردا تولۇق قوراللانغان خىتاي ئەسكەرلىرىنىلا ئۇچرىتىسىز. ئۆيۈمنىڭ ئەتراپى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن قورشىۋېلىندى، مېنى تۇتۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، كوچىدا قېلىپ ھازىرغىچە ئۆيگە قايتالمايۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ بار. تۈنۈگۈن كېچىدە خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ، كۆپ ساندا ئۇيغۇرنى

ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن پويىز ئىستانسىسىغا ئەتراپىدا يىغىلىپتۇ. تۈنۈگۈن كېچە خىتايلار بىر ئۇيغۇر ئايالنى ئىككى بالىسى بىلەن بوغۇزلاپ قىپيالىڭاچ قىلىپ يول بويىغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۇيغۇرلار ۋەقەنىڭ بېسىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلماقتا. خىتاي ئەسكەرلىرى خىتاي پۇقرالىرىنى قوغداۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن كارى يوق.

**ئەركىن تارىم: خىتاي ساقچىلىرىنىڭ پۈتكۈل پۇقرانى قوغداش مەجبۇرىيىتى يوقمۇ؟**

**شاھىت:** ئۇيغۇرلارنى ھەرگىز قوغدىمايدۇ. ئەسلىدە 5ـئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغان نامايىش بولسىمۇ، خىتاي ساقچىلىرى قانلىق شەكىلدە باستۇردى. بۈگۈن ئۈرۈمچى خۇۋلىن ئەتراپىدا 3000ـ4000 دەك خىتاي قوللىرىغا تاياق توقماق ئېلىپ ئۇيغۇرلارنى ئۇۋلاشقا چىقىپتۇ. ساقچىلار ئۇلارنى توسۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنى ھەدەپ قوللاپ بېرىۋاتقان گەپ. پۈتكۈل تېلېۋىزىيە قاناللىرى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنىلا تارقىتىۋاتىدۇ. خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى قەتئىي يوق. پۈتكۈل تېلېۋىزىيە قاناللاردا ئۇيغۇرلار تېررورچى، بۆلگۈنچى ۋە رابىيە قادىر خانىمنى بولسا بۆلگۈنچىلەر كاتتىۋېشى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىۋاتىدۇ.

**ئەركىن تارىم: ئىگىلىشىمىزچە، خىتاي ساقچىلىرى ئۇيغۇرلارنى كۆرگەنلا يېرىدە تۇتقۇن قىلىۋېتىپتۇ، راستمۇ؟**

**شاھىت:** 5ـئىيۇلدا ئۇيغۇرلار قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، كەچ تەرەپلەردە خىتاي ساقچىلىرى ئات مەيدانى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىپ، 2000دەك ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلىپتۇ. بۇلارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى 6ـئىيۇلدا قويۇپ بېرىپتۇ. ئەمما كۆپىنچىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھازىرچە نامەلۇم.

**ئەركىن تارىم: قەشقەر، خوتەن ۋە قاراماي قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ نامايىش ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟**

**شاھىت:** قەشقەردە 6ـئىيۇلدا كۆپ ساندا ئۇيغۇر يىغىلىپ نامايىش ئۆتكۈزۈشكە تۇتۇش قىلىپتۇدەك. خىتاي ساقچىلىرى نامايىشچىلارنى تېزلا ۋاقىتتا تارقىتىۋېتىپتۇ. غۇلجا، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلەردىمۇ خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن كوچىلار ئاساسەن كونترول قىلىنىپ بوپتۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كوچىغا چىقىشى چەكلىنىپتۇ. بۇ ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇرلارغا نەپەسمۇ ئالدۇرمايۋاتسا، قانداقمۇ نامايىش ئۆتكۈزەلىسۇن.

**ئەركىن تارىم: سىلەر دۇنيا دۆلەتلىرىدىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟**

**شاھىت:** مەن پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دۇنيا دۆلەتلىرىدىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن، ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىن، تۈرك دۇنياسىدىن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى كۈتىمەن. خىتايلار ئاق مەسچىتكە ئوت قويۇپ بەردى. خىتايلار ئۇيغۇر مۇسۇلمان چوشقىلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ تاشلايمىز، دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇلار پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ.

**ئەركىن تارىم: خىتاي تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا بۇ خەۋەرلەر تارقىتىلىۋاتامدۇ؟**

**شاھىت:** ئەسلىدە بۇ خەۋەرلەرنى مۇنداق مەزمۇندا بېرىۋاتىدۇ. شاۋگۇەن ۋەقەسى كىچىككىنە ۋەقە ئىدى. لېكىن بۆلگۈنچىلەر بۇنى پۇرسەت بىلىپ خەلقنى ئىسيانغا چاقىرىپ

دۆلىتىمىزنى بۆلۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ ۋەقەنىڭ پەردە ئارقىسىدا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە رابىيە قادىر بار، دەپ تەتۈر تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ.

**ئەركىن تارىم: خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەلەرنىڭ رابىيە قادىرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلجىرلىماقتا، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ رابىيە قادىر خانىم ياكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىرەر ئالاقەڭلار بارمۇ؟**

**شاھىت:** قەتئىي مۇناسىۋىتىمىز يوق. بىز پەقەت رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئىسمىنىلا ئاڭلىغان ئىدۇق. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدىن خەۋىرىمىزمۇ يوقكەن. بىز پەقەت ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى تېپىپ جاۋابكارلىققا تارتىلىشىنى تەلەپ قىلدۇق، لېكىن بىزنى ھۆكۈمەت قوراللىق باستۇردى. دۇنيانىڭ نەرىدىمۇ بۇنداق ناھەقچىلىك ۋە ۋەھشىيلىك بار؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا يىللاردىن بېرى يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەقەنى سىرتقى كۈچلەرگە چېتىپ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ھېچقانداق ئاساسىي يوق. ئۇلار يولسىزلىق قىلىۋاتىدۇ.

**ئەركىن تارىم: سىزچە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىش مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن؟**

**شاھىت:** خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارانىڭ بېسىمىدىن قورقۇپ، ئەسكەرلىرىنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگۈزۈۋاتىدۇ. كەلگۈسىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇنى ياراتقان ئىگەم بىلىدۇ. 21-ئەسىردە ئۇيغۇرلاردەك ئېزىلىۋاتقان ئىككىنچى بىر مىللەتنى تاپماق تەس. قارىماققا ئۇيغۇرلار ناھايىتى خاتىرجەم ۋە باياشات ياشاۋاتقاندەك. لېكىن ناھايىتى زۇلۇم ئاستىدا بىچارىلەرچە ياشاۋاتىدۇ. ئاللاھلا ياردەم قىلمىسا، ئىنسانلار بىزگە ياردەم قىلىدىغاندەك ئەمەس. مەن سىلەرنىڭ رادىئو ۋاستىسى بىلەن دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ بىزگە ئىگە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ۋەقەنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. بىزنىڭ ئازابلىق نىدارىمىزنى دۇنياغا ئاڭلاتقانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت.

### 6-2-دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى رابىيە قادىر خانىم بىلەن سۆھبەت

**2009-يىلى2-ئاۋغۇست**

دوكتور ئەركىن ئەمەت: ھۆرمەتلىك رابىيە قادىر خانىم، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى سىزنىڭ كۈشكۈرتىشىڭىز بىلەن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

رابىيە قادىر: بۇ قىپقىزىل يالغان، تۆھمەت! خىتاي ھۆكۈمىتى ئاۋازىمنى ئوخشىتىپ Youtube تا بېرىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ قىلغان ئويۇنى. مەن بۇنداق ئىشنى قەتئىي قىلمىدىم. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋەقەسىنى گۇاڭدۇڭ ۋەقەسىگە ئوخشاش كۆرسىتىپ، خىتاي ئەسكەرلىرىنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ ئۇلارنى تۆمۈر كالتەكلەر بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلدۇرۇۋاتىدۇ. خىتاي ساقچىلىرى نامايىشنىڭ بېشىدا ياشلارنىڭ خەلق مەيدانغا كىرىشىگە پەقەتلا توسالغۇ بولماپتۇ، لېكىن نامايىشچىلار قوشۇنى

زورايغاندا ئۇلارنى قورشاپ ئوققا تۇتۇپ نۇرغۇن قىرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەسلىدە شاۋگۇەن ۋەقەسىنى ئۆزى تېرىپ خەلقىمىزنىڭ 60 يىلدىن بېرى بېسىلىپ قالغان غەزەپ نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىشىغا مەجبۇرلىدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇرلانى قانلىق شەكىلدە باستۇردى. قەشقەرنىڭ قەدىمي ئىمارەتلىرىنىڭ يېقىلىشىغا قارشى چىققان ئۇيغۇرلار بار. خىتاينىڭ ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي يۆتكەپ ئەمگەككە سېلىش سىياستىگە قارشى چىققانلارمۇ نۇرغۇن. خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئاققۇن پۇقرالىرىنى دىيارىمىزغا كۆچۈرۈش سىياستىگىمۇ قارشى چىقىۋاتقان كۈرمىڭ ئىنسان بار.



خىتاينىڭ نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىمىزنى ئىشسىز قالدۇرۇپ، پەقەت خىتاي ياشلىرىنىلا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستىگە خەلقىمىز ئەمدى چىداپ بولالمايدۇ. بۇ ناھەقچىلىكلەرگە خەلقىمىزنىڭ سەۋرى قالمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قويدەك ياۋاش ھالغا كەلتۈرۈش، ئىشسىزلىقتىن ھالسىزلاشتۇرۇش، ئۇلارغا بېسىم قىلىپ روھىي قۇللۇق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈش، ئۇلارنى يوق قىلىش نىيىتىدە ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئويۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى، خالاس. خىتايلار بېسىم ئارقىلىق خەلقىمىزنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ بېسىملار بىلەن بىرلىكتە ھەم قارشى پىكىردىكى كىشلەرنى تازىلاۋاتىدۇ ھەمدە قارشى پىكىرگە ئىگە كىشلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش شارائىتىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنى ناھايىتى مەككارلارچە ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا خىتاي ھۆكۈمىتى قىرىپ تاشلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. خىتايلار تاغ باغرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە مەجبۇرىي بېسىپ كىرىپ قىلىچ، تۆمۈر كالتەك، مىخ كالتەكلەر بىلەن چوڭ كىچىك، قېرى ياش دېمەي ۋەھشىيلەرچە ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. بۇ مەھەللىدە ئادەتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەن نامرات كىشلىرىمىز ياشايتتى. ئىگىلىشىمىزچە، ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار ھەربىي دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ كېلىنىۋېتىپتۇ. دوختۇرخانىلاردىن يارىدارلارنىڭ ئۆلۈكىلا چىقىۋېتىپتۇ. جەستى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلمەي، ئۆزلىرى كۆمۈۋېتىپتۇ. ئەجابا ئۇلارنىڭ بەدەن ئەزالىرى سېتىلامدۇ قانداق؟ نەدە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ؟ نېمىشقا ھەربىي دوختۇرخانىلارغا ئېلىپ كېلىنگەن نۇرغۇنلىغان يارىدارلارنىڭ دوختۇرخانىدىن ئۆلۈكىلا چىقىدۇ؟ بۇلارنىڭ

ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەتراپلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلمىشلاردۇر. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ سانى كىشىنى ھەقىقەتەن چۆچۈتىدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ سانى مىڭلاردىن، ھەتتا ئون مىڭلاردىن ئېشىپ كەتتى. ئەگەر دۇنيا بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردە، خىتاينىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي نەيرەڭلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشكارە بولىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ رەزىل ئەپتى بەشلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئىشنى ماڭا ئارتىپ قويۇۋاتىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ۋە مېنىڭ تېلېفونلىرىنى ئوغۇرلۇقچە ئاڭلاپ، ئاۋازىمنى ئۆزگەرتىپ بېرىۋاتىدۇ. خىتايلار شۇنچە قىلسىمۇ يەنىلا چاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئېلان قىلغان ئاۋاز لېنتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاۋازىمغا ئوخشىتىلىپ ئۆزگەرتىلگەن تارقىتىلغان لېنتىلاردۇر. خىتايلارنىڭ بۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئاساسىي يوق ئىشلار. ئەگەر ئىش ھەقىقەتەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دېگىنىدەك بولسا، نېمە ئۈچۈن چەتئەل مۇخبىرلىرىغا چەكلىمە قويىدۇ، نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە قەشقەرگە بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ؟ خىتايلار بۇنداق ئىشلارنى ناھايىتى مەككارلىق بىلەن قىلالايدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. خىتاي ھۆكۈمىتى قىلغان ئەتكەنلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن تېلېفون لىنىيەلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئەگەر خىتايلارنىڭ بىلجىرلىغىنىغا ئوخشاش بۇ ئىشنىڭ كەينىدە مەن بولسام، ئۆلگەن كىشىنىڭ سانى 190، يارىلانغانلارنىڭ سانى 300، 500، 1000 بولسا، ئۇنداقتا ئۈرۈمچىدە بەش تۈرما بار، بۇلارنىڭ ھەر بىرسىگە 20000 دەك جىنايەتچى سىغىدۇ. ئەگەر قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېلان قىلغىنىدەك ئاز بولىدىغان بولسا، نېمىشقا قولغا ئالغان ئۇيغۇرلارنى قەشقەر، شىخو، كۇچا ۋە ئاقسۇ تۈرمىلىرىغا يۆتكەيدۇ؟ خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى بۇ قېتىمقى باستۇرۇش شەكلى تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە ۋەھشىيلەرچە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھازىرقى بۇ كۈندە ئىنسانلىققا قەتئىي سىغمايدىغان بۇ قانلىق باستۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى، قىرىپ تاشلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى دۇنيادىن مەخپىي تۇتۇۋاتىدۇ. ئون مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ نامايىشتا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن بۇ مەلۇماتنى 10، 20 كىشىدىن ئالدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش گەپنى قىلدى. شۇڭا مەن بۇلارنىڭ قانچىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنىڭ، قانچىسىنىڭ تۈرمىغا تاشلانغانلىقىنىڭ، قانچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئېنىقلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيادىن ياردەم تەلەپ قىلدىم.

**ئەركىن ئەمەت: تۈركىيەدىكى بەزى گېزىت ژۇرناللار سىزنىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىڭىزدە بولۇپمۇ قەيەرنىڭ پۇلى بىلەن ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قالايمىقان قىلىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىڭىز دېيىلىۋاتىدۇ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟**

رابىيە قادىر: مەن مېنىڭ ھەققىمدىكى بۇ خىلدىكى ماقالىلەرنىڭ تۈرك قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ھەقىقەتەن يازغان بولسا، دېمەككى خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ھەققىي ئەھۋالدىن بۇرۇنراق خەۋەردار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئامېرىكىدا بولسىمۇ، بىز ھازىرغىچە قەھرىمان خەلقىمىز بىلەن، تەۋرەنمەس ئىرادىلىك رەھبەرلىرىمىز بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدۇق. بۇ ھازىر پەقەت مەن ۋە سەبداشلىرىم قىلىۋاتقان كۈرەش

ئەمەس. بۇ تاھ 1800-يىللاردا خىتايلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغاندىن بېرى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى 60 يىل جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن بارىن قوزغىلىڭى، غۇلجا قوزغىلىڭى، لىدەرلىرىمىزدىن مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، مەھەمەت ئىمىن بۇغرا، ئەركىن ئالپتېكىن، ھاشىر ۋاھىت قاتارلىق رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھاياتىغا قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلار ئامېرىكىدىن ھېچقانداق پۇل ئالماي تۇرۇپمۇ كۈرەشلىرىنى ھارماي-تالماي داۋاملاشتۇرغان. ئامېرىكا ياردەم قىلسۇن قىلمىسۇن، بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىز قەتئىي توختاپ قالمايدۇ. ئامېرىكا پۇل بەرمىگەن بارىن قوزغىلىڭى، غۇلجا ۋەقەلىرىنىمۇ خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى قانلىق باستۇرۇۋەتتى. خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش. تولىمۇ ئەپسۇسكى، بىز ئۇ ۋەقەلەرنى دۇنياغا تونۇتالماي قالدۇق. كېيىنكى 20 يىل، بولۇپمۇ كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە غەربكە قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەرب دۇنياسىدا بولۇشى سەۋەبىدىن مىللىي داۋايىمىزنى ھەم غەرب دۇنياسىغا ھەمدە پۈتكۈل دۇنياغا تونۇشتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولۇۋاتىمىز. ئامېرىكا پۇل بەرسۇن بەرمىسۇن، بىز مىللىي داۋايىمىز ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ توختاپ قالماي ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. ئەركىنلىكىمىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئالىمىز. مۇبادا ئەركىنلىك ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدە ھەرىكەت قىلىپ سالغان تەقدىردە، خىتاي ھۆكۈمىتىنى بىزنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا تېخىمۇ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن چەتئەلگە چىقىپ ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز. شۇڭا ئامېرىكىنىڭ بىزنى كۈشكۈرتۈشى مۇمكىن ئەمەس. بىر زامانلاردا يەنى 1997-يىلدىكى ۋەقەلەردە خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۈشكۈرتكەنلىكىنى بىلجىرلاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتكۈل سىياسىي يىغىنلاردا ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوللايدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالدۇ. بۇ سەۋەبتىن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ئوقۇۋاتقان جۇملىدىن ئەرەبىستاندا، مىسىردا، پاكىستاندا، سۈرىيەدە ئوقۇۋاتقان، شەرقىي تۈركىستاندا ئابلىكىم مەخسۇمدا يېتىش چىققان 4000 ئوقۇغۇچىنىڭ بىر قىسمى تۈرمىغا تاشلاندى. بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، بىر قىسمى چەتئەلگە قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. پۈتكۈل دىنى ئۆلىمالىرىمىزنى تۈرمىغا سولىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، يەنە پۈتكۈل گۇناھىنى ئىسلام دۇنياسىغا دۆڭگەپ قويۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى تەرغىپ قىلغانلارنى تۈرمىغا سولاپ ئۆلتۈرۈشتى. لېكىن بىز بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتالمىدۇق. مەن ھازىر ئامېرىكىدا ياشىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئامېرىكىنىڭ كۈشكۈرتكەنلىكىنى بىلجىرلىشىۋاتىدۇ. تۈركىيە ۋە تۈرك قېرىنداشلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزگە ئوخشاشلا زىيان سېلىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قانداق بىر تەشكىلات، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەقسىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟**

رابىيە قادىر: سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى 2004-يىلى 19-ئاپرېلدا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە قۇرۇلتاي چاقىرىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە

پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىر مەركەز ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۈرۈمچىدە تۈرمىدا يېتىۋاتاتتىم. بۇ قېتىمقى يىغىندا دۇناي ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇپ، رەئىسلىككە مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىن سايلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋاسى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، مۇئەييەن دەرىجىدە كۈچىيىدۇ. ئامېرىكىنىڭ خىتايغا بېسىم قىلىشى نەتىجىسىدە 8 يىللىق تۈرما ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپلا 2005-يىلى 17-مايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ئامېرىكا دېپلوماتلىرىغا تاپشۇرۇلدۇم. 2006-يىلى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىدا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىككە سايلاندىم. نەچچە قېتىم ئامېرىكا پارلامېنتى، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياپونىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات بەردىم. بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولغان خىتاي ھۆكۈمىتى مەندىن ئىنتىقام ئېلىش ۋە مېنى ئىشىمدىن سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئىككى ئوغلۇمنى قولغا ئېلىپ تۈرمىغا تاشلىدى. ئوغلۇم ئابلىكىم ئابدۇرېھىم «ئىنتېرنېتتە بۆلگۈنچىلىككە دائىر ماقالە يېزىش» بىلەن ئەيىبلىنىپ 9 يىل قاماق جازاسىغا، كىچىك ئوغلۇم ئالىم ئابدۇرېھىم باج ئوغرىلاش بىلەن ئەيىبلىنىپ 7 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى خىتاينىڭ بۇ ئىشنى قاتتىق ئەيىبلىدى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى گېرمانىيەنىڭ قانۇنلىرى بويىچە گېرمانىيەدە ئەنگە ئېلىنغان، دۇنيادا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئالىي ئاممىۋى تەشكىلاتتۇر. 3-قېتىملىق يىغىنىمىزنى 20-مايدىن 25-مايغىچە ئامېرىكا مەجلىس بىناسىدا چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانىنى بېكىتىپ چىقتۇق.

سىزنىڭمۇ خەۋىرىمىز بار، 25 يىلدا خىتايدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كارخانىچى، دىنى ئۆلىمالار، يازغۇچى ۋە زىيالىي قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلاندى. ھەتتا بەزى ئۆلتۈرۈلدى. لېكىن دۇنيا بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز ئىدى. لېكىن ھازىر بىز بۇ تىراگېدىيەلەرنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن دوكلات سۈپىتىدە تەييارلاپ، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىۋاتىمىز. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تىنچ ھالدا، خەلقنى 60 يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئادالەتسىزلىكلەردىن، زۇلۇملاردىن، ناھەقچىلىكلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان، خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق نىداسىنى پۈتكۈل دۇنياغا ياڭرىتىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان، خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە قارار بېرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى پۈتكۈل پائالىيەتلەرنى تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتتۇر.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ؟**

**رابىيە قادىر:** دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇم نىداسىنى پۈتكۈل دۇنياغا ياڭرىتىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. تەشكىلاتىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. خىتاي ھۆكۈمىتى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا دۆلەت تېررورىزمى ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇنلىغان گۇناھسىز كىشىنى قىرغىن قىلغانلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ۋەقەنى بىزگە دۆڭگەپ قويماقتا. خىتاي 60 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستانغا سالغان دەھشەتلىك

زۇلۇملىرىدىن بۇنداق ئاسانلا قۇتۇلالمايدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە ئۇرۇمچى قەتلىئامىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىر-بىرلەپ پاش قىلىپ ئۆلارنىڭ رەزىل ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلاشقا تىرىشىمىز. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان 30غا يېقىن ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ غوللۇق مەركىزى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى ئاۋازى بولۇشنى داۋاملاشتۇرىمىز. تەشكىلاتىمىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ  ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: سىز ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان دۆلەتتە زىيارەتتە بولدىڭىز، لېكىن تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋىزا بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن تۈركىيەگە كېلەلمەي قالدىڭىز، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ سىزچە تۈركىيە نېمە ئۈچۈن سىزگە ۋىزا بەرمىدى؟**

رابىيە قادىر: تۈركىيەنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق نۇرغۇن مەسىلىسى بار. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. تۈركىيەدە مېنى ئىزچىل خاتا چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقان، تېرروررچى، ئوغرى، بۆلگۈچى دەپ توختىماي تەشۋىق قىلىۋاتقان خىتاينىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيەنىڭ خىتاي بىلەن سودا مۇناسىۋىتى كۈچلۈك. بۇ سەۋەبتىن تۈركىيە ئىچكى سىياسىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماڭا ۋىزا بەرمىگەنلىكىنى ھېچقاچان خاتا چۈشىنىپ باقمىدىم. تۈركىيەنىڭ خاتىرجەملىكى مېنىڭ خاتىرجەملىكىم. تۈركىيەنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن مەن قىلماسلىقا تېگىشلىك ھەر قانداق ئىش بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلىمەن. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىمىزگە مۇھتاج.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: تۈركىيەگە قاچان كېلىشنى ئويلىشىۋاتىسىز؟**

رابىيە قادىر: مەن بۇ قېتىم تۈركىيەگە بېرىشنى ئويلىغان ئىدىم. ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن تۇنجى قەدىمىمنى تۈركىيەگە بېسىشنى شۇنداق ئارزۇ قىلغانىتىم. لېكىن ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئەھۋاللار سەۋەبىدىن بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا قانچە مىڭلىغان كىشى ئۆلتۈرۈلدى، ئون مىڭلىغان قېرىنداشىمىز يوقاپ كەتتى. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ۋە ياۋروپا پارلامېنتىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدى. شۇڭا مەن بۇ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، تۈركىيەگە ۋاقتىدا كېلەلمەي قالدىم. ھازىر تۈركىيەدىكى ۋەكالەتچىم تۈركىيەگە بېرىشىم ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەگە بارىمەن. تۈركىيە باش مىنىستىرى رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ ئۈرۈمچى قەتلىئامىغا مۇناسىۋەتلىك باياناتى، تۈرك مەتبۇئاتى ۋە تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىزنى ئىنتايىن خوشال قىلدى. مەن 20 مىليون ئۇيغۇر خەلقىگە ۋاكالىتەن تۈركىيەگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. تۈركىيەگە بىزگە ئىگە چىققانلىقى ئۈچۈن ئىسلام كېڭىشى تەشكىلاتى ۋە بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ ئىگە چىقتى. بۇ سەۋەبتىن مەن تۇنجى بولۇپ تۈركىيەگە كەلگۈم بار ئىدى. لېكىن بۇ تەرەپلەردە ئۆزۈم بېۋاستە قىلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم ئىشلار بولغاچقا تۈركىيەگە كېچىپ

بارىدىغان بولۇپ قالدىم. مەن پۈتكۈل تۈركىيە خەلقىدىن كەچۈرۈم سورايمەن. تۈركىيە مېنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنىم. شۇڭا تۈركىيەگە قاچان بېرىشنى خالىسام تۈركىيە ماڭا قوينى ئاچىدۇ.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: تۈركىيە خەلقى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىن خىتايغا ناھايىتى قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى. تۈركىيە باش مىنىستىرى ۋە باشقا پارتىيەلەر خىتايغا قارشى بىر ھەپتىدەك «ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان بۇ زۇلۇم ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بىر ئوچۇق قەتلىئام» دېگەن ئوخشاش ئىبارىلىرىنى سۆزلەپ تۇردى. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز ياكى ئىشنىڭ مۇشۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىنى ئويلاپ باقالمىدىڭىز ۋەياكى بايانات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قانداق ئويلىدىڭىز؟**

رابىيە قادىر: مەن ھېچقاچان تۈرك خەلقىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ باقمىدىم. ھامان بىر كۈنى دۇنيادا مەيلى قازاق بولسۇن، مەيلى ئۆزبېك بولسۇن، مەيلى قىرغىز بولسۇن، مەيلى تۈركمەن بولسۇن، مەيلى تۈرك بولسۇن ئىشقىلىپ پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بۇ سەۋەبتىن زېمىنىمىزنىڭ ئىسمىنى ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان دەپ ئايرىغان بولسىمۇ، پۈتكۈل ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستانىنىڭ، يەنى پۈتكۈل دۇنيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ چۈشى بولغان شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتمەستىن، بۇ ھالىتى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ، بۇ نامنى بەرگەنلىكىمىز ئۈچۈن قانچە ئون مىڭلىغان كىشى تۈرمىغا تاشلاندى. ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئۇيغۇرىستان دەپ ئاتىمىدۇق، چۈنكى ۋەتىنىمىز پۈتكۈل تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئانا يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەسىرلەردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە پانتۈركىست، پانئىسلامىست دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ تۈرمىلارغا تاشلاندى، ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى. بىز شۇنچىلىك ئۈمىت قىلىپ كەتكەن ئىدۇقكى، بۇ ئۈمىد ئوتىمىزنىڭ ھامان بىر كۈنى يانىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدۇق ۋە ئاخىرى ئۈمىد ئوتىمىز ياندى. بىزگە تۈرك خەلقى ۋە تۈرك دۇنياسى ئىگە چىقتى. تۈركىيە باش مىنىستىر رەجەپ تايىيىپ ئەردوغانىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى قەتلىئامنى تەرىپلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىبارىسى ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلدى. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقەتەن ئۇيغۇرلار قارىتا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. پۈتكۈل دۇنيانىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولۇشى كېرەك. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ۋە تۈركىيەدىكى ھەر قايسى پارتىيەلەرنىڭ ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا بايان قىلغان سۆزلىرىنى قەتئىي قوللايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرك ھۆكۈمىتى بىزگە ئىگە چىقىش ھەققى بار، چۈنكى ئۇ زېمىن تۈرك خەلقىنىڭمۇ زېمىنىدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ مېنىڭ تۈركىيەگە بېرىشىمغا توسالغۇ بولىۋاتىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەردىن پايدىلىنىپ تۈركىيەگە ۋەھىمە سېلىپ قويىدى. تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دامىغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ئىشىنىمەن. تۈرك ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلىرى بولغان ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە قارىتا يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى توختىتىشى ئۈچۈن دېپلوماتىك يوللار ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇيغۇر مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرى بولۇشتىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتتى. ۋەتىنىمىزدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىلمىشلار يۈز بېرىۋاتماقتا. تۈرك ھۆكۈمىتىنىڭ تىلى، دىلى ۋە

دىنى بىر ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىغا ئىگە چىقىشنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ تۈركلەرنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: تۈركىيەدە مەيلى ھۆكۈمەت بولسۇن، مەيلى خەلق بولسۇن خىتايغا ناھايىتى قاتتىق ئىنكاس قايتۇردى. لېكىن مۇسۇلمان ئەرەب دۆلەتلىرىدە، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنكاس ۋە نارازىلىقلار كۆرۈلمىدى؟ بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟**

رابىيە قادىر: خىتاي تەتۈر تەشۋىقاتلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئەرەب دۇنياسىنى ئالداپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى قايتىدىن ئەتراپلىق بىر شەكىلدە تونۇشتۇرۇلغان تەقدىردە، ئۇلارنىڭمۇ ئىشنىڭ ھەققىي ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى، خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى سۇڭ ئەيگو، ئۈرۈمچى قەتلىئامدىن كېيىنلا تۈركىيەگە كېلىپ، تۈرك ھۆكۈمىتىگە ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆردى. ئۇ ئەنقەرەدە مەتبۇئاتلارغا سۆز قىلغاندا، بىزنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىمىز قەتئىي يوق. قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتى نامى ئاستىدا ئۇيغۇر تىلىنى ھەرگىزمۇ يوق قىلىۋېتىش نىيىتىمىز يوق. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېدى. سىز سۇڭ ئەيگونىڭ بۇ سۆزلىرىگە قانداقراق جاۋاب قايتۇرماقچى؟**

رابىيە قادىر: خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي ئاققۇنلىرىنى تۈركۈملەپ يۆتكەپ، ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئۇيغۇرلارنى بولسا ھەر قېتىم ئۈچ تۆت مىڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي يۆتكىشى بۇنىڭغا ئىسپات بولالمامدىكەن؟ قوش تىللىق مائارىپ ئاستىدا ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە كىچىكىدىن تارتىپ خىتايچە دەرس بېرىشى بۇنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ 7 ياشتىن 18ياشقىچە بولغان باللارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن مەجبۇرىي يۆتكەپ، 300مىڭ دەك ئۇيغۇر قىزنى خىتاينىڭ ھەر قايسى شەھەرلىرىگە ئەۋەتىپ ناھايىتى ئەرزان ئىش ھەققى بىلەن ئەمگەككە سېلىۋاتىدۇ. بۇ قىزلار نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندا خىزمەت قىلدۇرۇلماي، خىتاي شەھەرلىرىگە ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدۇ. تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق رەزىل بىر ئىش نېمە ئۈچۈن 2006-يىلى ئىجرا قىلىنىشقا باشلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسپات ئەمەسمىكەن؟ بۇلارغا جاۋاپ بەرمەي تۇرۇپ تېخى يالغان سۆزلەۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرماي، ئۇيغۇرلارنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي ئەۋەتىپ، خىتاي ئاققۇنلىرىنى بولسا شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن بۇلارغا جاۋاب بەرسۇن. توي قىلىش يېشىغا كەلگەن قىزلارنى يات ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىپ ھەم ئۇلارنى تۇغماس قىلىش ھەم بوۋاقلارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىككى خىل شەكىلدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇلارچۇ؟ ئاتوم سىنىقىنى تارىم ھاۋزىسىغا ئوخشاش كەڭ كەتكەن يەرلەردە ئېلىپ بېرىش مۇمكىنلىكى بار تۇرۇپ ئولتۇراق رايونلارغا ئۇزاق يەرلەردە ئېلىپ بارماي كورلا، ئاقسۇ، خوتەن ۋە قەشقەرگە ئوخشاش تۆت چوڭ ۋىلايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر خەلقنى پالاكەتكە ئىتتىرىشى ئىسپات بولالمامدىكەن؟ دىنى نۇقتىدىن كەلسەك، ئۇيغۇرلارنى دىندىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ كوممۇنىست ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ دىن ئۆلىمالىرىنى تۇرمىغا تاشلىشى، ھەتتا قاتتىق قىيناپ

ئۆلتۈرۈشى ئىسپات بولماي نېمە بولىدىكەن؟ 2009-يىلى 18-يانۋاردا ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان بىر يىغىندا، كىيىنكى بەش يىلدا 15000 بۆلگۈنچى ۋە تېرروررچى قولغا چۈشۈردۇق، دېيىلدى. بۇنچىۋالا كۆپ ئۇيغۇر قولغا ئېلىنىپ تۈرمىغا تاشلاندى، بۇلارنى خالىغانچە ئېلىپ باردى بۇلارچۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرجەم ياشاش ھەققى يوقمۇ؟ شەرقىي تۈركىستانغا ئاپتونوم رايونى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، 3 مىليون ئەسكەرنى ئەتراپىمىزغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاسسىمىلياتسىيە سياسىتى بولماي نېمە بولىدىكەن؟ شەرقىي تۈركىستانغا 7مىليون خىتاينى ئورۇنلاشتۇرۇشچۇ تېخى؟ ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىكى پۈتكۈل يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، پۈتكۈل مال-بىساتىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۇلارنى نادان قالدۇرۇپ، ئەخلاقىدىن، نورمال تۇرمۇش تەرتىپىدىن، ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن، دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئاسسىمىلياتسىيە سياسىتىنىڭ ناھايىتى ئوچۇق دەلىل ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

**دوكتور ئەركىن ئەمەت: ئاخىرىدا ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق 72 مىليون تۈرك خەلقىگە نېمە دېمەكچى ۋە ئۇلاردىن نېمىلەرنى كۈتىسىز؟**

رابىيە قادىر: 72 مىليون تۈرك خەلقىدىن ئۆزىنىڭ ئەجدادى بولغان، تارىختا سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان، ئانا يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاننى قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىمەن. 72 مىليون تۈرك خەلقىدىن ئۇيغۇرلارنى قانلىق ۋە زۇلمەتلىك خىتاي تۈرمىلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىمەن. شەرقىي تۈركىستاننىڭ «مەنىۋى ئانىسى» سۈپىتىدە پۈتكۈل دۇنياغا خىتاب قىلىۋاتقان رابىيە قادىر بىلەن بىرلىكتە ۋە ئۇنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە مۇستەھكەم سېپىلغا ئوخشاش تىك تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلىرى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بىلەن بىرلىكتە بۇ قېتىم قەتئىي ھالدا شەرقىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ۋە پارلاق كەلگۈسى يارىتىشنىڭ ئاساسىنىڭ سېلىنىشىنى تەلەپ قىلىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا تۈركىيەگە كېلىپ ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشكە پۇرسەت يارىتىلىپ بېرىلىشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

**6-3-5: 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ شاھىتلىرى بىلەن سۆھبەت**

**6-3-1- فىنلاندىيە پۇقراسى بولغان بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن سۆھبەت**

5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ۋە خىتاي مەتبۇئاتىدا كەڭ ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ زۇلمەتلىك كېچىلىرىدە، ئارقا كوچىلىرىدا نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ھازىرغىچە ئايدىڭلاشقىنى يوق. ئۈرۈمچىگە تۇغقان يوقلاپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىيەگە قايتىپ كېلىشى بىلەن بىرلىكتە، ئاستا-ئاستا ئۈرۈمچى ۋەقەسىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى قەتلىئامى يۈز بېرىۋاتقاندا، ئۈرۈمچىنىڭ مەركىزى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئاتا-ئانىسىنىڭ قېشىدا قالغان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن ئۈرۈمچى قەتلىئامى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ ئۈرۈمچى قەتلىئامى يۈز بەرگەندە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنى رادىئو تىڭشىغۇچىلىرىمىز بىلەن ئورتاقلاشتى.

**ئەركىن تارىم: 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى مەيدانىغا كەلگەندە قەيەردە ئىدىڭىز؟**

شاھىت (ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر ئايال): مەن ئۇ ۋاقىتىدا ئۈرۈمچىدە ئاتا-ئانامنىڭ قېشىدا ئىدىم، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇخلاۋاتقانىتىم. بومبا ۋە ئوق ئاۋازى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ دەرھال سىرتقا يۈگۈردۇق. پۈتكۈل ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېتىۋېتىلىپ بولغان ئىكەن. كوچىدىن ئۇرۇش-جېدەل ۋە ئېچىنىشلىق ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى. بىردەم بىردەم ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردەمدىلا ناھايىتى كۆپ خىتاي ئەسكەرلىرى كېلىپ كوچىلاردىكى ئۇيغۇرلارنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.



**ئەركىن تارىم: نېمىلەر كۆردىڭىز؟**

شاھىت: ساقچىلار ئىدارە جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقىۋېلىپ ھېچكىمنىڭ سىرتقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلمىدى. لېكىن خىتاي ئەسكەرلىرى ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقاردى. كەچ تەرەپلەردە مۇھىم بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقتىم. كوچىلاردا قان، ياردارلىنىپ ياتقانلارنى ھەتتا جەسەتلەرنى كۆردۈم.

**ئەركىن تارىم: خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرگەن كىشىلەر ئۇيغۇرلارمىدى؟**

شاھىت: تاياق يېگەن، ئۆلتۈرۈلگەن، قولغا ئېلىنغانلار ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار ئىدى. بىزنىڭ قورۇدىكى ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار ناھايىتى ھودۇققان ھالدا خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قانداق ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. قورۇيىمىزغا بىر ماشىنا كىرىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىلىرى چېقىۋېتىلگەن، چاقلىرى ئېتىلىپ كەتكەن ئىدى. ماشىنىنىڭ ئىچى جەسەتلەر بىلەن تولغان ئىكەن. بۇ كىشلەر قورايىمىزدىكى بىر خوشنىمىزنىڭ بېيجىڭدىن كەلگەن تۇغقانلىرى ئىكەن. ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۈستىگە بومبا ئېتىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشلەر بىلەن مۇڭداشتىم. بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ سۆزلىشىمنىڭ ھاجىتى يوققۇ دەيمەن.

**ئەركىن ئەمەت: بۇ ۋەقەلەر نەچچە كۈن داۋاملاشتى؟**

شاھىت: مەھەللىمىز كەچ سائەت 10 ئەتراپىدا بېسىقتى. لېكىن باشقا رايونلاركېچىچە بېسىقماپتۇ. بەزى رايونلاردا خىتايلار ئۇيغۇرلارنى تار كوچىغا سولىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ھەتتا

جەسەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىشلارمۇ بار. بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولساممۇ، خىتايلارنىڭ بۇ رەھىمسىزلىكنى قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى خىتايلارنى ئوبدان چۈشىنىمەن.

**ئەركىن تارىم: ئۈرۈمچىدە بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقاندا، تېلېۋىزىيە قانالللىرىدا بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بېرىلدىمۇ؟ ۋەقە جەريانىدا نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟**

شاھىت: ئۇ كۈنى تېلېۋىزىيە قاناللىرى بۇ ۋەقە ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر بەرمىدى. ئەتىسى بېرىلدى. بۇ ئارىلىقتا تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت لىنىيەلىرى كېسىپ تاشلاندى. ئەھۋال ھەقىقەتەن ۋەھىمىلىك ئىدى. ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. خىتاي ساقچىلىرى تۇيۇقسىزلا كېلىپ بىزنى قولغا ئالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئىدىم. ھەر يەردە ئازابلىق يىغا ئاۋازلىرى... قىيا چىيالار... ئۇششاق باللارنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى ئۈزۈپ تاشلىغۇدەك دەرىجىدىكى ئېچىنىشلىق يىغلىرى... لېكىن خىتاي ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئەنسىز ئاۋازلىرى ھەممە ياقنى قاپلىغان ئىدى. كېچىسى ئۇخلىغىلى بولمايتتى. بومبا ۋە ئوق ئاۋازى ھەممە ياقتىن كېلىۋاتاتتى.

**ئەركىن تارىم: خىتاي ھۆكۈمىتى 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا 197 كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ خىتايلار ئىكەنلىكىنى دەۋاتىدۇ، سىزچە توغرىمۇ؟**

شاھىت: بۇ قىپقىزىل يالغان. ئۆلگەنلەرنىڭ سانىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئېلان قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئۆلگەنلەرنى سانى بۇنىڭدىن نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممىسى بار. دوختۇرخانىلاردا ناھايىتى كۆپ ئۇيغۇرنى كۆردۈم. ئۇ قېرىنداشلىرىمىز ماڭا: قارىسلا ياشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، بۇ مەلئۇنلار بىزنى يوق قىلىۋېتىشنىڭ كويىدا. دېدى. ئەسلىدە ناھايىتى ئېغىر يارىلانغان ئۇيغۇرلارنى داۋالاش كېرەك ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارنى رەسىمگە تارتىپ سۈرەتكە ئېلىپ ئۇلارنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ بىلەمسىز؟ چۈنكى بۇ مىللەتتە رەھىمدىللىكتىن ئەسەرمۇ يوق. بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

فىنلاندىيە پۇقراسى بولغان بۇ شاھىت ئايال، دوختۇرخانىدا بىر كىچىك بالا بىلەن مۇڭداشلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

دوختۇرخانىدا بىر بالا بىلەن مۇڭدىشىپ قالدىم. ئۇ بالا دوختۇرخانىدا ئاچىسى بىلەن قىزىغا قارايدىكەن. دوختۇرخانىغا كەلگىلى ئىككى كۈن بوپتۇ. ئۇلارنىڭ «رابىيە قادىر سودا سارىيى» دا دۇكىنى بار ئىكەن، ۋەقە يۈز بەرگەندە خىتاي ساقچىلىرى «رابىيە قادىر سودا سارىيى»غا بېسىپ كىرىپ، سارايىنىڭ ئىشىكلىرىنى تاقاتقۇزۋېتىپ، سارايدىكى كىشىلەرگە قارىتىپ ئوق چىقىرىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئاچىسى بىلەن ئاچىسىنىڭ قىزىغا ئوق تەگكەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھاياتى ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن.

**ئەركىن تارىم: ئوق چىقارغانلار ھەربىي فورما كىيگەن كىشىلەرمۇ ياكى پۇقراچە كىيىنىۋالغانلارمۇ؟**

شاھىت: ئەسكەرلەرنىڭ 2، 3 خىل فورمىسى بار. ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكەرلەر ھەربىيچە فورما كىيىۋالسا پۇقرالارغا ئوق چىقىرالمايدۇ دەپ، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يەرلەرگە پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە دائىر خەۋەرلەر تارقالدى. 8-ئىيۇلدا يەنى ۋەقەلەرنىڭ

ئۆچىنچى كۈنى 300دەك پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەر، قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئۇيغۇرلار تولىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تار كوچىلارغا بېسىپ كىرىپ، ئالدىغا چىققان ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرگەن. ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارمۇ بۇلارغا قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلار بىلەن تىركەشتى. ئارقىدىن بۇ رايونلارغا رەسمىي فورما كىيگەن خىتاي ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ئەسكەرلەر پۇقراچە كىيىنگەن ئەسكەرلەرنى قوغداپ ئۇلارغا يانتاياق بولدى. بۇ مەلئۇنلار 5 دەك ئۇيغۇرنى قاتتىق ئۇرۇپ ئارقىدىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ نېمە دېگەن رەھىمسىزلىك، ناھەقچىلىك ھە! بۇنداق رەزىل ئىشلار چەت دۆلەتلەردە قەتئىي يۈز بەرمەيدۇ. دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن بۇ بەش بالىدىن 3نىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى. بۇ قالايمىقانچىلىقتا ساقچىلارنىڭ بىر-بىرىگە ئوق چىقارغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەرمۇ تارقالدى. بۇ ئىشنىمۇ يەنە ئۇيغۇرلارنى دۆڭگەپ قويۇشتى. يەنە بىر كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئىش بولسا، پۇقراچە كىيىنۋالغان خىتاي ئەسكەرلىرى قوللىرىغا تۆمۈر كالتەك ۋە قىلىچ كۆتۈرۈۋېلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەندە، رەسمىي فورما كىيگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بولۇشۇپ بۇ مەلئۇنلارنى قوغداپ مېڭىشى ئىدى.

**ئەركىن تارىم: خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى سوڭ ئەيگو، «خىتاي دۆلىتى قانۇن دۆلىتىدۇر، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشى باباراۋەر. ئۈرۈمچى ۋەقەسىگە ئارىلاشقان ھەر قانداق كىشى قانۇنىي جاۋابكارلىقتا تارتىلىپ تېگىشلىك جازالاندۇرىلىدۇ» دېدى. سىز بۇنىڭغا** ئىشىنەمسىز؟

شاھىت: بۇنىڭغا قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولسۇن. خىتايلار ناھايىتى مەككار ۋە يالغانچى كېلىدۇ. بىزنى ئالداپ مۇقەددەس زېمىنىمىزنى بېسىۋالدى. ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا ئۇيغۇرلارنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەن خىتايلار ھەرگىزمۇ جازاغا تارتىلمايدۇ. مەسىلەن، خىتايلار زىچ ئولتۇراقلاشقان بەزى رايونلاردا ئۇيغۇر ناۋايلىرىدىن خىتايلار نان ئېلىپ يەيتتى. ۋەقە يۈز بەرگەندە، بۇ خىتايلار ئۇيغۇر ناۋايلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ پىچاق سايتۇ. يەنى بۇ خىتايلار ئۆزلىرىگە تۇز بەرگەن ئۇيغۇرلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرگەن گەپ. بۇ بىر ئىنسانىنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ. بۇ ياللاڭتۆشلەر ۋەتىنىمىزگە كەلگەندە ئىچ ئاغرىتىپ قۇچاق ئاچقان ئىدۇق، ئەمدىلىكتە تاللا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ، دېگەندەك بۇ تۇزكور، رەھىمسىز مەلئۇنلار بىزنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ. مەن كۆپلىگەن كىشىدىن ئۆيلىرىگە قايتقاندا نېمىلەرنى ئۇچراتتىڭلار دەپ سوراپ باققان ئىدىم. ھەممىسى يول بويى جەسەت كۆرۈپ ماڭدۇق، دېيىشتى. ئەتىسى قارىساق، يوللارنىڭ ھەممىسىنى پاك-پاكىز تازىلاپ بوپتۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرىدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قولغا ئالىدىغانلىرىنى قولغا ئېلىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۈرۈمچىنى كونترول قىلىپ بولدى.

ھەربىي دوختۇرخانىدا «دولان» ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر رېستورانى بار ئىدى. بىر ئۈچۈم خىتايلار بۇ رېستورانغا بېسىپ كىرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى چېقىپ، ئاخىرىدا رېستوران خوجايىنى ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بىر كۈنى ئۇ تەرەپلەردىن ئۆتۈۋاتسام، ھەقىقەتەن ئۇ رېستوران ناھايىتى ۋەيرانە ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

**ئەركىن تارىم: سىزچە ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبى نېمە؟**

شاھىت: ۋەتىنىمىزنىڭ پۇتكۇل بايلىقلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتىلىۋاتسا، بۇ بايلىقلاردىنمۇ بىز ئازراقمۇ پايدىلىنالمىساق، ئۇيغۇرلارغا جان ساقلاش كۈندىن-كۈنگە تەسلىشىۋاتسا، ئارىمىزدىكى ئىشسىزلىق بارغانچە كۆپىيىپ بېرىۋاتسا، بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىمىزنى ئىشقا يارايدىغان ئوغۇللىرىمىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ ناھايىتى ئاز ئىش ھەققى بىلەن ئىشقا سېلىۋاتسا، بۇنداق زۇلۇم ئاستىدا ئىسيان چىقارماي قانداق قىلسۇن. ياشلىرىمىزنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە مەجبۇرىي ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىنى دېگىنىم يوق. ھەتتا ئوغۇل باللارغىمۇ چېقىلغان مەلئۇنلار بار ئىكەن. بۇ پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قىيىن كۈنگە قالغان بەزى ياشلىرىمىزغا مېنىڭ ئاتا-ئانام ياردەم قىلدى. ئۇلارغا ئىش تېپىپ بەردى. بۇ تىراگېدىيەلەرگە شاھىت بولدۇم.

**ئەركىن تارىم: خىتاي ھۆكۈمىتى چەت دۆلەتلەرگە بايانات بەرگەندە ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ قانۇن ئالدىدا بابباراۋەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە، ھەقىقەتەن مۇشۇنداقمۇ؟**

شاھىت: قانداق بىر ئىشتا مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بەرسۇن. مۇمكىن ئەمەس. ھېچقانداق ئىشتا ھازىرغىچە باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ باققىنى يوق. مەسىلەن، ۋەقەگە ئازراقلا ئارىلىشىپ قويغان ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، لېكىن ئادەم ئۆلتۈرگەن خىتايلارنى جازالاشتا يوق، ھىمايە قىلىۋاتىدۇ. قوللىرىغا تاياق توقماق ئېلىۋاتقان بىر ئوچۇم خىتايلاردىن ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كوچىلارنى ئېتىۋالغان ئۇيغۇرلار ئەسكەرلەرنى كۆرگەندە ناھايىتى خوشال بولغان ئىدى. لېكىن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن بىر ئاز بۇرۇن دېگىنىمدەك، خىتاي مەلئۇنلىرى بولۇشۇپ ئۇيغۇرلارنى قىرىۋەتتى. ۋەقەگە قەتئىي ئارلاشمىغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ قانداقمۇ باراۋەرلىك بولسۇن.

ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى قەتلىئامىدا شېھىت بولغان قەھرىمانلىرىمىزنى ئىدىيەسى تامامەن بۇزۇلغان كەتكەن ئۇيغۇرلارغا تىللاتقۇزۇپ ۋەقەنى بۇرمىلاۋاتىدۇ. چەتئەلدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلارنى «ئۇ بۆلگۈنچىلەر خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ» دەپ بۆھتان چاپلاتقۇزۇۋاتىدۇ.

شاھىتىمىز، سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا بۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇرۇمچىگە بارمايدىغانلىقىنى، چەتئەلدا ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.




**6ـ3ـ3ـشائخەيدىكى بىر ئۇيغۇر بىلەن سۆھبەت (2009ـيىلى ئاۋغۇست)**

**ئەركىن تارىم: 26ـئىيۇندا شاۋگۈەندىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق قىلدىڭلار؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: 26ـئىيۇندىكى شاۋگۈەن ۋەقەسىدىن باشلايلى. بىز تۇرۇۋاتقان يەر بۇ پاجىئە مەيدانغا كەلگەن شەھەرگە يېقىن بولغانلىقتىن، يىغىلىپ ۋەقەدە يارىلانغان قېرىنداشلىرىمىزدىن ھال ئەھۋال سوراشنى ئويلاشقان ئىدۇق. لېكىن بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن شاۋگۈەنگە ھېچقانداق ئۇيغۇرنى كىرگىلى قويمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ساقچىلارنىڭ يوللارنى قامال قىلىپ شاۋگۈەندىن ھېچقانداق ئۇيغۇرنى سىرتقا چىقارغۇزمايۋاتلىقىنى ئاڭلىدۇق. شۇڭا بىز ئۇ تەرەپلەرگە بېرىپ قېرىنداشلىرىمىزنى يوقلىيالمىدۇق. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنتېرنېتتە بۇ ۋەقە ھەققىدە بەس-مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىنكاس ۋە بەس-مۇنازىرىلەرنى باشتىن-ئاخىر كۆزەتتىم. خىتاي تور بەتلىرىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر ۋە ئىنكاسلار كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇراتتى. خىتايلار بۇ قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئىنتايىن پەخىرلەنگەن ئىدى. ئۇيغۇرلاغا ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەت قىلغاندىن سىرت، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى چەتكە قېقىپ، ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىشقا چاقىرىق قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا ئىنتېرنېتتە بەس-مۇنازىرىلەر قايناپ كەتتى، خىتاي تور بەتلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەتلەر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تاقىۋېتىلمىدى، لېكىن ئۇيغۇر تور بەتلىرى يوقلاڭ باھانىلەر بىلەن تاقىۋېتىلدى.

5ـئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى مەلۇم بىر تور بېتىدە، 5ـئىيۇل كەچ سائەت 17:00 دە ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا قانۇنلۇق نامايىش بولماقچى، پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىششىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ نارازىلىق ھەرىكىتى قانۇنلۇق، شۇڭا قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن جۈملىنى ئوقۇدۇم. ئىچىمدە ئۈرۈمچىدە بولغان بولسام قاتناشسام دېگەن خىيال كەچتى. مەن

ئۈرۈمچىدىكى بىر دوستۇمغا تېلېفون قىلىپ بۇ ئىشنى خەۋەر قىلدىم ۋە نامايىشقا قاتناشسا بولىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق خەتىرى يوقلىقىنى، قانۇنسىز ھەر قانداق شوئارلار تووۋلانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، 26-ئىيۇن شاۋگۇەن ۋەقەسىدىن خەۋەردار قىلىپ قويدۇم. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنچىۋالا رەزىللىشىپ كېتىشىنى نەدىن بىلەي، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 17:00 ئەتراپىدا ئۈرۈمچىدىكى دوستۇم تېلېفون قىلىپ، بۇ يەردە نامايىش بولىدىغاندەك ئەمەس، ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا ساقچىلار يېغىپ كەتتى. بۇنداق شارائىتتا نامايىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دېدى.

**ئەركىن تارىم: 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى بولغان ئەسنادا ئۈرۈمچىدىكى يېقىن-يورۇقلىرىڭىز بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن دوستۇم ماڭا تېلېفون قىلىپتۇ، ئاۋازىدىن تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم. دوستۇم ماڭ ئۈرۈمچىدە ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇرۇش باشلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى تەس كۈندە قالغانلىقىنى، ھازىر ئۆزىنىڭ سەنشىخاڭزا ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەتتە ئۇنچىۋالا قارام ئەمەسلىكىنى، شۇڭا بۇنداق قارام ئىشلارنى قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى لېكىن بۇ قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ جاسارىتىگە ھەيران قالغانلىقىنى، دەپ ئۆتتى. كۆز ئالدىدىلا ئىككى ئۇيغۇرغا ئوق تېگىپ ئۆلۈپتۇ. ئەر-ئايالدىن تەشكىل تاپقان بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرنىڭ قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولماي تۇرۇپمۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپ خىتاي ساقچىلىرىنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى ھاياجانلىنىپ، دەپ بەردى. تېلېفوندا ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دوستۇم يەنە، ھازىر ئۆزلىرىنى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى، كوچىلارغا چىقىۋالغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە كۆپلىگەن ئۇيغۇرنىڭ ساقچىلار كۆرسىتىپ بەرگەن يەرگە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى، ساقچىلارنىڭ جامائەت ئارىسىغا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا چىدىيالمىغان ھامىلە ئاياللارنىڭ توپتىن قېچىپ چىققاندا ساقچىلارنىڭ ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ نەپىسى تىقىلىپ كۆزىنى ئاچالمايۋاتقانلىقىنى تېلېفوندا دەپ بەردى. شۇ كۈنى خېلى ۋاقىتچە دوستۇم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. ئۇ كۈنى دوستۇم ۋەقە مەيدانىغا كەلگەن يەردىن تېلېفون قىلغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتىدا پەقەت 2، 3 مىنۇتلا كۆرۈشەلىگەن ئىدىم. بىز سۆزلىشىۋاتقاندا دوستۇمغا يېقىنلا بىر جايدىن ئوق ئېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مېنىڭچە بۇ مىلتىقتىن كەلگەن ئاۋاز ئىدى. مەن ئويلاپ قالدىم، بىر ئەسكەر بىر مىنۇتتا 3پاي ئوق چىقارسا، 2سى بېكار بولۇپ كەتسىمۇ بىر پاي ئوقتا بىر كىشى ئۆلسە، يۈز ئەسكەر بىر مىنۇتتا يۈز كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن گەپ. نۇرغۇنلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ ۋەقەدە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەنە نۇرغۇنلىرىنىڭ تۈرمىغا تاشلانلىقىنى ئويلىسام، قاتتىق ئازابلىنىمەن.

ئەتىسى يەنە بىر دوستۇم تېلېفون قىلىپتۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى خىتاي ساقچىلارنى نۇرغۇن كىشىنى بىر بىناغا سولاپ قويۇپ، سىرتتىكى ۋەقەلەرنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلماپتۇ. كېچە سائەت 2:00 دىن كېيىن ئەتراپ بېسىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ

كىملىك نومۇرى ۋە ئادرېسلىرىنى ئېلىپ، كۆندۈزى تالاغا چىقاسلىقلىرىنى ئېيتىپ قويۇپ بېرىپتۇدەك.

**ئەركىن تارىم: 6-ئىيۇلدا دوستىڭىز بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: 6-ئىيۇل كۈنى يەنى ۋەقەنىڭ ئىككىنچى كۈنىدە ئەتىدىن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ تالا تۈزگە چىقماپتۇ. شۇ كۈنى دوستۇمنىڭ قىز دوستى ئۇنىغا تېلېفون قىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بېرىپتۇ: مەن ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغان ئىدىم. ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى. ھەتتا كىچىككىنە بىر بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. دوستۇمنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ناچار ئىدى. خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزلىرىنىڭمۇ پىچاق، تاياق توقماقلارنى تەييارلاپ تۇرغانلىقلىرىنى، ئۆيگە بېسىپ كىرگەندە قانغا قان، جانغا جان ئالىمىز...دەۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا تېلېفون ئۈزۈلۈپ كەتتى. دوستۇم تېلېفوندا كۆرۈشكىنىمىزدە سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت بېرىپ قالسا يۇرتىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدى. قايتىپ كېتەلىدىمۇ، ھازىرچە دوستۇمدىن خەۋەر ئالالمىدىم.

**ئەركىن تارىم: دوستىڭىز 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى قەتلىئامى توغرۇلۇق يەنە نېمىلەرنى دەپ بەردى؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: دوستۇم تېلېفوندا مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. 5-ئىيۇل كۈنى شەپكە كىيىۋالغان، ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەن ياشانغان بىر ئۇيغۇر قالايمىقانچىلىقتىن قورقۇپ كېتىپ ئاپتوماتىك پۇل ئېلىش ماشىنىسى قويۇلغان بىر كابىنكى ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان بىر خىتاي ساقچىسى قورالىنى ئۇنىڭغا چەنلەپ دەرھال چىقىشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ. بوۋاي خىتايچە بىلمىگەنلىكتىن چىقماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. خىتاي ساقچىسى بىر پاي ئوق چىقىرىپتۇ. قورقۇپ كەتكەنلىكتىن مىدىر سىدىر قىلماي ئولتۇرغان بوۋاي غەزىپىنى باسالماي كۆكرىكىنى كېرىپ «نوچا بولساڭ مانا ئاتا» دەپ ساقچىغا يېقىنلىشىپتۇ. خىتاي ساقچىسى بوۋاينىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ ئارقىغا داجىپتۇ. بۇ ۋەقەنى دوستۇم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. دوستۇمدىن بۇ ۋەقەنى رەسىمگە تارتىپ تارتمىغانلىقىنى سورىسام، نۇرغۇن كىشىنىڭ بۇنى رەسىمگە تارتىۋالغانلىقىنى، ئۆزىدىمۇ باشقا رەسىملەرنىڭ بارلىقىنى، بىر ئىككى كۈن ئىچىدە ماڭا ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، تېلېفون ۋە ئىنتېرنېت لىنىيەسى كېسىۋېتىلگەن بولغاچقا، قولۇمغا تەگمەي قالدى.

**ئەركىن تارىم: 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىدىن كېيىن سىزگە ئوخشاش ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كەتتى؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇيغۇرلارغا كەلسەك، ساقچىلار ھەممىمىزنى ساقچى ئىدارىسىغا يىغىپ، بىر-بىرلەپ ھەر خىل شەكىلدە رەسىمگە تارتىشتى، ھەتتا بارماق ئىزلىرىمىزنىڭمۇ ئېلىشتى. يۇرتتىن كەلگەن خەۋەرلەردىن بىلىشىمچە، يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇر دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنى دۆلەتنىڭ پۈتۈنلۈكىنى قوغداش مەقسىتىدە نوپۇس تىزىملاش، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى كۆزىتىشنى ۋەزىپە قىلىپتۇدەك. ئاڭلىشىمچە، يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇرچە تېلېۋىزىيە قانالىلىرىدا، كۇچا ناھىيەسىدە بىر بالىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى خەۋەر قىلىنىپتۇ. سەۋەبى شاۋگۇەندىكى ۋەقەنى ئىنتېرنېتتە خەۋەر قىلىپ

تارقاتقانمىش. بۇ بالىغا ئۇيغۇرچە قانالاردا شاۋگۇەندە ۋەقە يۈز بەرمىگەنلىكىنى، تامامەن ئۆزىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى، رەسمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر ئەمەسلىكىنى مەجبۇرىي ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، پۈتكۈل دۇنيانىڭ خەۋىرى بولغان شاۋگۇەن ۋەقەسىنى ھېچ نومۇس قىلماي خىتايچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئىنتېرنېتتە تارقاتقان بۇ ئۇيغۇر بالىغا دۆگگەپ ئۇيغۇرلارنى ئالدىماقچى بولۇشتى.

بىر كۈنى بىر دوستۇم يۇرتقا قايتىپ كەتمەكچى بولدى، مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئايرۇدۇرۇمغا بىللە چىقتىم. ئايرۇپىلان كۈتۈش زالىدا خىتاي ساقچىلىرى دوستۇمنى جىنايەتچىگە مۇئامىلە قىلغاندەك پۈتكۈل كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، يالاڭ تاقىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىشتى. خىتاي يولۇچىلارنى ئاختۇرماي ئۆتكۈزۈۋەتتى. بۇنداق ئىشلارغا مەنمۇ نەچچە قېتىم يولۇققان. ئۈرۈمچىدىكى 5-ئىيۇل قەتلىئامى مەيدانغا كەلمەستىن ئىلگىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرۇپىلانغا چىقىشى پۇل بار تۇرۇپمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. مالايسىيادا بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ ئۆيىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتالمىغاچقا ئەنسىرەپ يۇرتقا بېرىپتۇ. يۇرتقا قايتىش ۋە چىقىشىدا تاموژنىدا جىنايەتچىدەك مۇئامىلىگە ئۇچراپتۇ. تاموژنا ساقچىلىرى ئۇنىڭمۇ ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇپتۇ. ئارقىدىن بىر ھازا سوراق قىلىپتۇدەك. ئاخىرىدا پۈتكۈل ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى ئېلىپ قاپتۇ. ئۇ دوستۇم مالايسىيادا ئوقۇۋېتتى. مالايسىياغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاموژنىدا بولغانلارنى ماڭا تەپسىلىي دەپ بەردى. ئۇ خىتايغا كەلگەندە ئائىلىسىگە تېلېفون قىلىپتۇ. ئۆيىدىكىلەر ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى كەلمەسلىكىنى تاپىلاپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇر بالىلارنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

**ئەركىن تارىم: بۇ ئىشنى تەپسىلىيراق دەپ بېرەمسىز؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: يوقاپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەن تونۇيدىغانلار يوق. لېكىن ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقان دوستلىرىم بىلەن ھازىرغىچە ئالاقە قىلالمىدىم. سىزگە گېپىنى قىلغان تېلېفوندا كۆرۈشكەن دوستۇمنىڭ ئۈرۈمچىدە بىرمۇ ئۇرۇق تۇغقىنى يوق. دوستۇمنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭ خەۋەر ئالالمايۋېتىپتۇ. بىز بىلەن بىرگە قالىدىغان بىر دوستۇمنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار غۇلجىدا ياشايتتى. دوستۇم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇرتقا قايتىپ كەتكەن ئىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭدىنمۇ خەۋەر يوق. ئاڭلىشىمىزچە جەنۇب تەرەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋەقەدىن كېيىن دەم ئالماي، كوممۇنىست پارتىيەنىڭ ئۈچ كۈچكە قارشى سىياسىتىنى ئۆگىنىۋېتىپتۇ. يازلىق تەتىلدىمۇ ئۈرۈمچى قەتلىئامى سەۋەبىدىن مەجبۇرىي سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشىپتۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئىشلىسە تېخى بولمىغان، ئىشلىمىسە تېخى بولمىغان. ھەقىقەتەن قىيىن كۈندە قالدى. دۆلەتنىڭ مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن دۆلەت نېمە دېسە شۇنى قىلماي ئامال يوق. ئەگەر بۇنداق ئايىقى يوق سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە بىرەرسى نارازىلىق بىلدۈرۈپ قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، ئىشتىن ھەيدىلىپ قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قالىدۇ. تىجارەت قىلاي دېسە، ئۇيغۇرلارغا رەسمىيەتلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن تىجارەتنى خىتايلار چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئەلۋەتتە خىتايلارغا دۆلەت يانتاياق بولىدۇ. پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن تاپقان تەگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلساقمۇ يەنىلا يەتكۈزەلەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتە ئوقۇتساقمۇ

پايدىسى يوقتەك. چۈنكى پەرزەنتلىرىمىزنى مەكتەپكە ئەۋەتسەك، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېرىم جان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىكەن. پەرزەنتلىرىمىزگە ئائىلىدىمۇ دىنى تەلىم-تەربىيە بېرەلمەيمىز، چۈنكى بۇنىمۇ چەكلىۋەتتى. ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى پەننى تەلىم-تەربىيە جەھەتتىن تەربىيىلەش ئىشلىرى كۈندىن-كۈنگە تەسلىشىۋاتىدۇ. ئىلگىرى مەكتەپتىن قاچىدىغان ياكى نەتىجىسى تۆۋەن باللار قىلىدىغان ئىش يوق گاڭگىراپ قېلىپ، ئەسكەرلىككە باراتتى. ھازىرمۇ بۇ ئىشمۇ يوق. ئۇيغۇرلارنى ئەسكەرلىككە ئالمايدىغان بولۇپ كەتتى.

**ئەركىن تارىم: سىزچە 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى نېمە؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: مېنىڭچە ئۇرۇمچىدىكى ۋەقە ئەسناسىدا دۇكانلارغا ئوت قويۇپ بېرىش، چېقىش، ماشىنىلارنى پاچاقلاپ تاشلاش، ئادەم ئۆلتۈرۈشتەك قىلمىشلارنى نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلار قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مەخسۇس تەيىنلەنگەن خائىن ئۇيغۇرلار قىلغان.

**ئەركىن تارىم: 5-ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسىدە كۆيدۈرۈلگەن ماشىنىلارنى ئۇيغۇرلارنى قىلمىدى دەۋاتىسىز، بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي بىر نەرسە دەپ بېرەمسىز؟**

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان ئۇيغۇر: پەرىزىمچە، ماشىنىلارنى ئۇيغۇرلار كۆيدۈرمىدى. قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق ئۇيغۇرلار بۇنداق چوڭ ۋەقە ئالدىدا نېمىمۇ قىلالىسۇن؟ قىلدىمۇ دېيلى، يەرلەردىكى كىچىك تاشلارنى ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنى نامايىشقا قاتناشقىلى چىققان ئۇيغۇرلارنى قىلدى، دەپ ئويلىمايمەن. قىلغان بولسىمۇ باشقىچە ئويلاپ قالمايتتىم، ئۇلار شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. تېلېۋىزىيە قانالىرىدا 100دەك ماشىنىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى، خەۋەر قىلدى. لېكىن قانداق كۆيدۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋەر يوق. خەۋەرلەردە كۆرسىتىلگەن ماشىنىلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. چوڭ بىر تۆمۈر قانداق بولۇپ بۇنچىۋالا تېز ۋاقىتتا كۆيۈپ كۈلگەن ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ كىشىنى ھەقىقەتەن گۇمانلاندۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇ ماشىنىلارغا قانداق بولۇپ ئوت كەتكەن؟ چۈنكى بۇنى كۆيدۈرۈشكە  كۆپ مىقداردا بېنزىن كېتىدۇ. يۇرتىمىزدا ئۇزۇن بولدى، پۇقرالارغا بېنزىن سېتىلمايدۇ. ماشىنىلارنى ماي قاچىلاش توغرا كەلگەندە ماي قاچىلاش پونكىتلىرىغا بېرىپ قاچىلايتتۇق. چېلەك ياكى ماي تۈڭلىرىغا بېنزىن ئېلىشقا بولمايتتى. شۇڭلاشقا ماشىنىلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ نامايىشتىن ھۆكۈمەتنىڭمۇ خەۋىرى بار، ھۆكۈمەت بۇ ئىشقا قارىتا ئالدىن ھەممە يەرگە ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان تۇرسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنچىلىك كۆپ ئاپتۇبۇس، ماشىنا چېقىلىپ كۆيۈپ كېتەمدۇ، بۇ ۋاقىتقىچە ساقچى ۋە ئەسكەرلەر كۆتۈپ تۇرمىغان بولغىيتتى.

يەنە ئات مەيدانىدا 10 دىن ئارتۇق ماشىنىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى تېلېۋىزىيە قانالىرىدا ئەتىدىن كەچكىچە تارقىتىپتۇ، لېكىن باشقا ئىشلارنى كۆرسەتمەپتۇ. مېنىڭچە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت غەرەزلىك ھالدا ئېلىپ بارغان گەپ. مەقسەت خىتايلارنى ئۇيغۇرلاردىن نەپرەتلەندۈرۈش، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تېررورچى سۈپىتىدە كۆرسىتىشتىن باشقا

نەرسە ئەمەس. كۆيدۈرۈلگەن بۇ ماشىنىلارغا قانداق ئوت كەتكەنلىكىنى بولۇپمۇ ۋەقەنى بىتەرەپ ئورۇنلار چوقۇم تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك.



**3-3-5: 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسىدىن كېيىنكى تەسىراتلىرىم**

تەسىراتلىرىم ئۈرۈمچىدە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلەردىن، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىمدىن ئاڭلىغانلاردىن ۋە چۈشەنچەمدىن تەشكىل تاپقان.

5-ئىيۇل كۈنى ئاڭلىغانلىرىم، بېشىمدىن ئۆتكەنلەر ۋە كۆرگەنلىرىم

5-ئىيۇل كۈنى ئۇيغۇر تور بەتلىرىگە كىرگەنلەرگە ۋەQQگۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇر ئەزالارنىڭ ھەممىسىگە «ئۇيغۇر بولسىڭىز 5-ئىيۇلدا خەلق مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نامايىشقا چىقىڭ» دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتىلگەن ئىدى. خەتتە نامايىشنىڭ ۋاقتى ۋە يېرى ناھايىتى ئوچۇق ئەسكەرتىلگەن. بۇنى كۆرگەن بىر نەچچە ياش، بىر دوستۇم ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىدىن بىر نەچچىسى نامايىشقا قاتنىشىش مەقسىتىدە كەچ تەرەپلەردە سىرتقا چىقىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا ھەممە تەرەپ قالايمىقان تۇرغىدەك، ساقچىلار يوللارنى توسۇپ كىرگەن چىققانلارنى تەكشۈرۈۋاتقان ئىكەن. سىڭلىم، ئۇنىڭ دوستلىرى ۋە بىر قىز تونۇشۇم ئەھۋالنىڭ خەتىرىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، ساقچى توساقلىرىدىن ملك بىر جاپادا ئۆتۈپ خالتا كوچىلاردىن ئۆيلىرىگە ئاران قايتىپ كەپتۇ. بىر دوستۇمنىڭ ئىنىسىمۇ بۇ ئىشتىن قورقۇپ كېتىپ، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قونۇپ قاپتۇ. ئۇ بالا چوڭلارنىڭ تاپىلىشى بىلەن 3 كۈن ئۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆيىدە قاپتۇ. ئۈرۈمچىنىڭ تىيانشان رايونىدا ئولتۇرىدىغان ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوستلىرىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ كۈنى توك توختاپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن سىرت ئات مەيدانىدا توختىماي ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنى كوچىلاردا ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇۋاتقانلار، نامايىشتا تاياق يېگەنلەر ۋە قاتتىق غەزەپلەنگەن دىنى تالىب ياشلار، ئاچچىقىغا چىدىماي غەزەبلىنىپ كوچىلاردا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇلار كوچىدىن پىيادە ئۆتۈۋاتقان ۋە ماشىنىلىق ئۇيغۇرلارغا ئىشارەت بېرىپ ئۆتۈپ كېتىشنى تەۋسىيە قىلىپتۇ. بۇ ئەسنادا ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتكە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، يوللاردىكى تاش ۋە خىش پارچىلىرىنى ئېلىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلا خىتايلارنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ياش بالىلار ھەتتا قىزلار كوچىدىكى ئۇيغۇر بالىلارغا «ئاراڭلاردا ئوغۇل بالا بولسا چىقاماسىلەر» دەپ ۋارقىراپ ئۆزلىرىمۇ سەپكە قېتىلىپ كېتىپتۇ. كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىلغان بۇ نامايىش باستۇرۇلغاندىن كېيىن،

ئۇيغۇرلار بۇ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ يولى، ئات مەيدانى ئەتراپى، يوجىڭ كوچىسى بىلەن خەلق مەيدانى ئەتراپىدىكى يوللاردا ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇ. دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە، ئات مەيدانىدا يۈزلىرىگە ماسكا تاقاپ موتسىكلىتقا مىنىۋالغان بىر توپ كىشى بىر قىز بالىنىڭ باشچىلىقىدا خىتايلارنى ئۇرۇپ بەزى يەرلەرگە ئوت قويۇپ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى بۇ شەكىلدە ئىپادە قىلىپتۇدەك. شۇ كۈنى ئۇ ئەتراپتىكى ئاشخانىلاردا ئىشلەۋاتقان ياشلارمۇ قوللىرىغا پىچاق ئېلىپ ۋەقەگە ئارىلىشىپتۇ. ئىككىنچى دوختۇرخانا ئالدىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر دوختۇرخانا كامېرىسىغا بىرمۇ بىر ئېلىنىپ قالغان ئىكەن. ئىككىنچى دوختۇرخانا ئالدىدا يىللاردىن بېرى ئىش ئۇقتى ئېقىپ كېلىۋاتقان ئاتۇش تاماقخانىسى بىلەن خوتەن پاقلان كاۋىپى ئاشخانىسى ئۇ كۈندىن باشلاپ ئىشتىن توختاپتۇ. ۋەقە مەيدانغا كېلىپ 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتۇش تاماقخانىسىغا يېڭى مۇلازىملار ئېلىنىپتۇ. لېكىن خوتەن كاۋاپخانىسى ھازىرغىچە ئېچىلمىدى.

قەشقەردىكى تونۇشلارنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەر ۋە ئاقسۇغا ئوخشاش رايوندىن نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ سانى خېلى بار ئىكەن. بىلىشىمچە، ئۈرۈمچىلىك ياشلار ئىچىدىن بۇ ئىشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ھەممىدىن كۆپ ئۇلار ساق قالدى. بەزى ساقچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، قولغا ئېلىنغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بەزى ياشلىرىمىزنىڭ يانچۇقىدىن ئۈرۈمچىگە بېرىش كېلىش ئايرۇپىلان ۋە پويىز بېلەتى چىقىپتۇدەك. 5-ئىيۇل كۈنى قۇتۇلۇپ قالغان بەزى ياشلار يۇرتىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن قولغا ئېلىنغان.

**5-ئىيۇل ۋەقەسى ھەققىدە دوستلىرىم ۋە بۇلاق بېشى يەنى سەھىيە نازارىتى، مىللەتلەر كوچىسى ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ كۆرگەنلىرى ھەققىدە**

6-ئىيۇلدا تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا مەلئۇن ۋاڭ لېچۈەن «ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئاجىز بىر مىللەت، ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن قورقماڭلار، ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار» دەپ خىتايلارغا ئىلھام بېرىپتۇ. بۇ مەلئۇننىڭ خىتايلارنى كۈشكۈرتۈشى نەتىجىسىدە، 7-ئىيۇلدا تۆمۈر يولى ئەتراپىدا، جەنۇبىي قوۋۇق، جەنۇبىي شىنجاڭ يولى، چوڭ غەربىي دەرۋازىسى (داشىمىن) قاتارلىق جايلاردا كۆپىنچىسىنىڭ قولىدا خۇددى ئالدىن تارقىتىپ بېرىلگەندەك ئوخشاش تۆمۈر كالتەك ۋە پالتىلارنى ئېلىۋالغان تەخمىنەن 10مىڭ خىتاي يىغىلىپتۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئىچىدە بىر-بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاسما مايكا كىيىۋالغانلار بار ئىكەن. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم جەنۇبىي شىنجاڭ يولىدىن مىللەتلەر كوچىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان 1000 دەك خىتاينى ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈپتۇ. مىللەتلەر كوچىسى بىلەن سەھىيە نازارىتى ئوتتۇرىسىدىكى كونا ماللار بازىرىغا تۇتۇشىدىغان كوچىنىڭ بېشىغا كەلگۈچە ئالدىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇپ مېڭىپتۇ. بۇ خىتايلارنىڭ «ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرەيلى» دېگەن شوئارلىرىنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر ئەرلىرى ۋە بەزى ياش قىزلار ئۆزلىرىنى، خوتۇن-بالىلىرىنى قوغداش مەقسىتىدە ئۆيلىرىدىن، ئاشخانىلاردىن چىقىپ يالاۋۇز خىتايلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كوچىنىڭ بېشىدىكى خىتاي ساقچىلىرى كۆرۈپ تۇرۇپتۇدەك. ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىرىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپتۇ. خىتايلار تارقىتىپ بېرىلگەن تۆمۈر كالتەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇيغۇرلارغا ئېتىلىپتۇ. ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى تاشلاشقا ۋە قەتئىي ھەرىكەت قىلماسلىققا بۇيرۇپتۇ-يۇ، خىتايلارغا ھېچنىمە دېمەپتۇ.



ئىككى تەرەپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىپ تۇرۇشۇپتۇ. ئارىسىدا نەچچە ئون مېتىر بار ئىكەن. ساقچىلار ئۇيغۇرلارنى قول سالماسلىققا بۇيرۇپ ئاگاھلاندۇرۇۋېتىپتۇ. خىتايلار پەرۋاسىزلاچە ئۇيغۇرلارنى ھاقارەتلەپ تىلك تەگكۈزگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان بىر نەچچە ياش ئالدىغا يۈگرەپ چىققان ھامان، ساقچىلار ئۇلارغا دەرھال ئوق چىقىرىپتۇ. بۇ ياشلار نەق مەيداندا ئۆلۈپتۇ. بۇ ۋەھشىيلىكنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئۇيغۇرلار چېكىنىپتۇ. ساقچىلار ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىلىرىدىن بۇ ئەھۋالنى بىرمۇ بىر كۆرۈۋاتقانلىرىنى كۆرۈپ ئۇلارغىمۇ ئوق چىقىرىپ دەرھال دەرېزىلىرىنى تاقىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇ قورقۇنچ مەنزىرىگە شاھىت بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم دەرېزلىرىنى ئېتىۋېتىپ ئىشنىڭ ئاخىرىنى كۆرەلمەي قاپتۇ. ساقچىلار ئۇيغۇرلارغا ئوق چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن خىتايلارنى تارقىتىۋېتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، شۇ كېچىسى سىرتتا قېلىپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلار خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ئۈرۈمچى خەلقى بۇ ۋەقەلەرنىڭ راست ئۆتكەنلىكىنى دېيىشىۋاتىدۇ. بۇلاردىن سىرت خىتايلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە نوپۇس تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە دائىر خەۋەرلەر تارقالدى.

7-ئىيۇلدىكى «ۋەھشىي ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرەيلى» شوئارلىرى توۋلاپ تېرررورىزىم مەنزىرىسىنى پەيدا قىلغان ۋە رۇخسەتسىز ئېلىپ بېرىلغان خىتايلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى، ھۆكۈمەت ھېچبىر تېلېۋىزىيە قانىلىدا تارقاتقىلى قويمىدى. نەززىگو مەسچىتىمۇ زىيانغا ئۇچرىغانىكەن، شۇ كېچىسى ھۆكۈمەت دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ مەسچىتنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى ئوڭشاتقۇزۇپتۇ. بولۇپمۇ 7-ئىيۇلدىكى بۇ ۋەقەلەرنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇش ئۈچۈن زىيانغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسى چاقماق تېزلىكىدە رېمونت قىلىنىپتۇ. ھۆكۈمەت شۇ كېچىسى ھاياتىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېسىم ئىشلىتىپ، «بالام 5-ئىيۇل ۋەقەسىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى» دېگەن خەت يېزىلغان قەغەزگە مەجبۇرىي ئىمزا قويغۇزۇپتۇ. مېنىڭچە بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ئۆزلىرى بىر قوللۇق پىلانلاپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان.

5-ئىيۇل كۈنى بىلەن 7-ئىيۇل كۈنىدىكە ۋەقەلەرگە قارايدىغان بولساق، بۇ ئىككى كۈن ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى روشەن چىقىپ تۇرىدۇ، 7-ئىيۇلدا خىتايلارنى ھۆكۈمەت ئۆزى بىۋاستە كۈشكۈرتكەن. لېكىن ھۆكۈمەت ھازىرغىچە تېلېۋىزورلاردا 5-ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ رابىيە قادىر ۋە دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۈچ كۈچ (رادىكال دىنچىلار، بۆلگۈنچىلەر ۋە تېررورچىلار) چەتئەلدە يالغان فىلىم تەييارلاپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ ياشلارنى كۈشكۈرتۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەقەنى پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان ئاساستا تارقىتىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەتتا شاۋگۇەندىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە مەتبۇئاتلاردا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بېرىلمىگەن. دەل ئەكسىچە، خەۋەرلەردە شاۋگۇەن ۋەقەسى ھەققىدە «بۇ ۋەقە ھەققىي بولغان ئەمەس، بۇلارنى سىرتتىكى بۆلگۈنچى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تەييارلاپ چىققان نەرسىلەر» دېگەندەك باياناتلار بېرىلگەن.

كۆيۈپ كەتكەن دۇكانلار ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلەرگە كەلسەك 5-ئىيۇل ۋەقەسىدە كۆيدۈرۈلگەن خىتايلارنىڭ دۇكانلىرىنىڭ تاملىرى ھازىرغىچە ئوڭشالماي شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. بۇ قېتىم ئىسلام كېڭىشى تەشكىللىتىدىن كەلگەن ھەيئەتلەرگە بولۇپمۇ ئالاھىدە مۇشۇ يەرلەرنى كۆرسىتىپ كۆز بويامچىلىق قىلىشتى. دېمەككى، ھۆكۈمەت بۇلارنى ئىسپات سۈپىتىدە ھازىرغىچە ساقلاپ كەپتۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەيران بولغان دۇكانلىرىنى دەرھال ئوڭشاتقۇزۇپ بۇلارنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالىمىغان.

## ئات مەيدانىدىكى ئايااللار ئېلىپ بارغان نامايىش ھەققىدە

ئات مەيدانىدىكى ئايااللار ئېلىپ بارغان نامايىشتىن مېنىڭ تونۇشلىرىم ئىچىدە ھېچقايسىسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن. بۇلارنى دەپ بەرسەم يېقىن-يورۇقلار ۋە تونۇشلار ناھايىتى ھەيران قېلىشىپ «ئۈرۈمچىدە ياشاپ ئەتراپىمىزدا بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەرسىز قېلىۋاتقان، بىزگە ئوخشاش مەتبۇئات ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي چەكلىۋېتىلگەن ۋە دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ قولىدا قېلىپ قالغان ئىككىنچى بىر مىللەت بولمىسا كېرەك» دېيىشىپ قاتتىق زەردىسى قايناشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئات مەيدانىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ۋەقەدە ئېرىدىن ۋە باللىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار بولسىمۇ، ھۆكۈمەت يەنىلا ئۇلارنى دەرھال ئۆز يۇرتلىرىغا ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن، يەرلىك كوممۇنىست پارتىيە ئەزالىرىغا تۇتۇپ بېرىپ مەجبۇرىي سىياسىي ئۆگىنىشكە سېپتۇ. ئات مەيدانى ئەتراپىتىكى ئۇيغۇر مەھەللىرىدىن توساقلار بىلەن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلانغان بولۇپ، ساقچىلار بۇ مەھەللىگە كىرىپ چىققانلارنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە باشتىن-ئاخىر ئاختۇرۇپ چىقىدىكەن. بۇ ئەھۋال ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.




**نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە**

بۇ كۈنلەردە كوچىدا بىرەر خىتاي بىلەن جېدەللىشىپ قالدىڭىزمۇ، ساقچىلار سەۋەبىنى سورىمايلا سىزنى ئېلىپ ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى. خاتالىق سىزدە بولمىسىمۇ ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا خاتالىق سىزدە. مەن بۇنىڭغا نۇرغۇن قېتىم شاھىت بولدۇم. ھەتتا بەزى ھاكاۋۇر خىتايلارغا قاراپ سالسىڭىزدىمۇ، مەغرۇرلىنىپ سىزگە ھەيۋە قىلىپ قاراپ قويۇشىدۇ. ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي بىر نەرسە دەپ سالسىڭىز، ئۇ شۇ يەردىلا 110 غا تېلېفون قىلىپ سىزنى سولاتقۇزۇۋېتىدۇ. ئۇ سىزگە دەرھال «مەن بۇ ئادەمنى 5-ئىيۇلدا كۆرگەن ئىدىم» دېگەن بۆھتاننى چاپلاپ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. قىسقىسى، ھەممە ياقنى ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى، «خۇددى بىر يەرگە قارىساڭ كۆزۈڭنى ئويىمەن، بىر نەرسە دېسەڭ تىلىڭنى ئۈزۈۋېتىمەن» دېگەندەك ۋەھىملىك ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرمەكتە. تىيانشان رايونىدا ھەر كىلومېتىردا 5،6 دىن قوراللىق ئەسكەر نۆۋەتتە تۇرىدىكەن. يەنە ئۆز سايىسىدىن قورقۇپلا يۈرۈيدىغان ھۆكۈمەت، ئارقا كوچىلاردا 5-ئاۋغۇستتىن 14-ئاۋغۇستقىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر يېرىم سائەتتە بىر چارلايدىغان ئەسكەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ بېرىۋېتىپتۇ. ھۆكۈمەت يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامى يۈز بەرگەنلىكىنىڭ تۇنجى ئېيىدا، قايتىدىن قوزغىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ساقچىلارنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. كوچىلاردا ھەر يېرىم سائەتتە بىر چارلاشقا چىقىدىغان ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىچىدە لىق قوراللىق ئەسكەر ئولتۇرغان ئىككى ھەربىي ماشىنا ماڭىدىكەن. ھەر بىر ماشىنىنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 30 دەك ئەسكەر بار. بۇلار بەتلەپ قويۇلغان قوراللارنى ئېلىپ چارلايدىكەن.

كۈندىلىك تۇرمۇش نورمال ھالەتكە قايتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەممە ياقنى سۈر بېسىپ ۋەھىمە قاپلاپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن بىر خىل سولغۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. بەزى ئىش ئورۇنلىرىدا خىتايلار ئۇيغۇرلارغا دۈشمەنگە قارىغاندەك سۈرلۈك قارايتتى. كوچىلاردا يۈرۈۋاتقانلارنىڭ كىملىكلىرى ھەر يەردە تەكشۈرۈلۈپ خەلقنىڭ بىئاراملىقى بۇزۇلۇپ بارماقتا. ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى تىجارەت ئورۇنلىرىنى 6-

ئاۋغۇست سائەت 3كىچە ئاچماسلىققا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، كېيىن 5كە ئۆزگەرتىپتۇ. خەلقئارالىق چوڭ بازار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرىپ چىقىشتىمۇ ئۇيغۇرلار باشتىن-ئاخىرى ئاختۇرۇلۇپ ئاندىن كىرگۈزۈلەتتى. كوچىلاردا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قىزىل پاچاق كوممۇنىستلار، يەڭلىرىگە بەلگە تاقاپ كوچىلارنى نازارەت قىلىپ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرمەكتە. بۇلارنى كۆرگەن كىشى خۇددى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ جېنىغىمۇ ئىگە بولالمايدىغان بۇ نادان ئۇيغۇرلار، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشتۇرغان نامايىشتا تەلەپ پىكىرلىرىنى ھۆكۈمەتكە چىرايلىق ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە نامايىشقا قاتنىشىپ خوتۇنى ۋە بالىلىرىنى يېتىم قالدۇرغان ئۇيغۇرلار ئىدى. ئەتراپتا بولۇپ ئۆتكەنلەرنىڭ ئازراقمۇ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلار ناغرا سۇناي چېلىپ تاماشا قىلىۋاتماقتا. ھازىر تويلارغا سائەت 7، 8 ئەتراپىدا ئاخىرلىشىدۇ. مەن بۇ كۈنلەردە تويلارغا قاتنىشىپ باقمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام ، ئەسلىدە ئۆيۈن تاماشا قىلغانلار، مۇنداق تويلار بولۇپمۇ باقمىغان ئىكەن.

**قولغا ئېلىش ۋە سازايى قىلىش قىلمىشلىرى**

سەنشىخاڭزا يەنى بۇلاق كوچىسى ئەتراپىدا، تۇيۇقسىزلا بىر ساقچى ماشىنىسىدىن جىددىي چۈشكەن بىر قانچە ساقچى، بىر ياشنىڭ كەينىدىن كېلىپلا بېشىغا تاغار كىيگۈزۈپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردۈم. قايسى كۈن ئىكەنلىكى تازا ئېسىمدە يوق. لېكىن بۇ ئىش چۈشتىن كېيىن بولغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقىمۇ، بەزى دوستلىرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم تۇتۇش ئىشلىرىنى كۆرۈپتۇ.



ئۇرۇق تۇغقان ۋە دوستلىرىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھەر كۈنى دېگۈدەك قولغا ئېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە ۋە قورۇلارغا ئېلىپ كېلىنىپ، پۇتلىرىدا زەنجىر قوللىرىدا كويزا سېلىنغان ھالەتتە سازايى قىلىنىۋېتىپتۇ. ساقچىلار ئۇلارنى نورمال ساقچى ماشىنىسىدا ئەمەس، قارا رەڭلىك چوڭ ماشىنىلاردا 5، 6 ساقچى ۋە ئۇلارنىڭ قېشىدىن ئەگەشكەن كامېراچىلار بىلەن ئېلىپ مېڭىپ، «قاراڭلار خالايىقلار بۇ بۇزغۇنچى شۇ يەرنى چېقىپ تاشلىغان، ئۇ يەرگە ئوت قويۇۋەتكەن، ئۇنى قىلغان بۇنى قىلغان» دەپ سازايى قىلىپ

ماڭىدىكەن. بىر جۈمە كۈنى (8-ئاۋغۇست) ئىككىنچى دوختۇرخانىدا ئۇچراتقان بىر ۋەقە ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. 18، 19 ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىنى ساقچىلار پومداقلاپ ئۇرۇپ تېپىپ ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. بىچارە بالا ساقچىلار نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى. بالىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇش كېتىپ ھالىدىن كەتكەن ئىدى. ئاتا-ئانام ئەنسىرەپ قالمىسۇن دەپ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم. بىر دوستۇم ماڭا مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى: «چوڭ بازاردا 10-ئاۋغۇست بىلەن 12-ئاۋغۇست ئارىسىدا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇيغۇرنى ساقچىلار پومداقلاپ بېسىپ ئۇرۇپ ئېلىپ مېڭىۋاتقاندەك. ئۇ ئۇيغۇر قىلچە ھودۇقماستىن « ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىزگە دۇئا قىلىڭلار، تۇرمىلاردا قېرىنداشلىرىمىز ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئويغىنىڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. ساقچىلار ئۇنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىنى تۇتقان ھالدا ساقچى ماشىنىسىغا ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئەيتاۋۇر 15-ئاۋغۇست بولسا كېرەك، ئىنىم رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى ئەتراپىدىكى كوچىدا، بىر ياشنى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ سازايى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىغان بىر ئۇيغۇر ساقچىلارنى «ئىتلار» دەپ تىللاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قالغان ساقچىلار بۇ كىشىنىمۇ سازايى قىلىدىغانلار قاتارىغا قوشۇپ ساقچى ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكىتىپتۇ. بۇنداق ئىشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. بىلىشىمچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرمەندىلەرچە ئېلىپ بارغان سازايى قىلىش قىلمىشلىرى 16-ئاۋغۇست ئېيىغىچە داۋاملاشتى.

**تۈرمىلەر ھەققىدە**

ئۈرۈمچى ۋەقەسىدە قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بۇرۇنلا سېلىپ تەييارلاپ قويۇلغان تاغ ئىچىدىكى ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق، قاراڭغۇ كامېرلارغا سولىنىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى بۇ تۈرمىلارنى بىلىپ كېتىپتۇ. 8 كىشىلىك كامېرلارغا 30،40 كىشىنى سولاپ قويۇپتىدەك. بۇ كامېرلارنىڭ تاملىرى سېمونت بولغانلىقتىن ناھايىتى سوغۇق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەھبۇسلار»نى يالىڭاچ سولاپ قويغانلىقتىن ئۇزۇنغا بارمايلا ئۇلارنىڭ جىگەرلىرىدىن چاتاق چىقىپ كۆپىنچىسى تۇرمىدىلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. خىتاي ساقچىلىرى 5-ئىيۇل كۈنى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ مەكتەپكە قايتىۋاتقان بەزى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن. بىر تۇغقىنىمنىڭ خوشنىسىنىڭ ئوغلى 10 كۈن قاملىپ، مەكتىپى ئىز دېرىكىنى قىلىپ يۈرۈپ 10 كۈندىن كىيىن ئاران تۇرمىدىن چىقىپتۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ساقچىلار بالىنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنلىكتىن بالا ئېلىشىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن سىرت، تۇرمىدا يېتىپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئېلىشىپ قالغانلارنىڭ سانى خېلى بار ئىكەن. پەرزەنتلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى ھازىرغىچە قىلالمىغان نۇرغۇن ئائىلە بار ئىكەن. مېنىڭ بىر دوستۇممۇ ۋەقەدە تۇتۇلۇپ كەتكەن ئىككى ئىنىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ھازىرغىچە قىلالماي بىرەر خەۋەر ئالالماي تىت-تىت بولۇپ، بارمىغان ساقچىخانا ۋە تۇرمىلار قالماپتۇ. لېكىن ئالاقىدار خادىملار ئۇنداق بىرسىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ دوستۇمنى قوغلىۋېتىپتۇ.

**قولغا ئوق تەگكەن بىر قىز ھەققىدە**

5-ئىيۇلدا ئابدۇلئەزىز سودا مەركىزىدىن دۆكىنىنى تاقاپ ئۆيىگە مېڭىۋاتقان 17، 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز بالىنىڭ سول قولىغا كوچىنىڭ قايسى بىر تەرەپتىن ئوق كېلىپ

تېگىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر دەرھال ئۇنى دوختۇرخانىغا داۋالىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەپتۇ. ئەتىسى دوختۇردەك ياسىنىۋالغان بىر نەچچە كىشى كېلىپ ئۇ قىزنى يەنە تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ياتاقتىن ئېلىپ كېتىپتۇ. ئاتا-ئانىسى قىزنى ئەڭ ئاخىرى كۆرگىنى مۇشۇ بولۇپ قاپتۇ. قىزنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئىز-دېرىكىنى ئالماپتۇ. بۇ ئائىلىنى مەن تونۇيمەن. ھازىر ئۇلارنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەۋاتىمەن.



**رابىيە قادىر سودا سارىيى ھەققىدە**

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاۋات سودا مەركىزى بولغان رابىيە قادىر سودا سارىيى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ھازىر ساقچى ئاپشاركىلىرى ۋە تانكىلىرى بىلەن قورشاۋ ئىچىدە تۇرماقتا. مەن بۇنى رەسىمگە تارتىپ سىزگە ئەۋەتىپ بېرىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ئارقا تەرەپتىكى ئەقىدە سودا مەركىزىنىڭ تۆت ئەتراپىمۇ قورشاۋ ئىچىدە تۇرماقتا. خىتايلار نېمشقىكىن تارىخى يادىكارلىقلارنى شۇ سودا سارايلىرىنى قوغدىغانچىلىك قوغدىمايدۇ. رابىيە قادىر سودا سارىيىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى پېچەتلىۋېتىپتۇ. ماللىرى ھازىرمۇ دۇكاننىڭ ئىچىدىكەن. ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئانا بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى ئەتراپىدىكى يەنى رابىيە قادىر سودا سارىيى ئالدىدىكى بىنادىن (ۋاڭ لېچۇەننىڭ ئاشنىسىغا تەۋە بىنا) باشقىچىراق ئېيتساق ھۆكۈمەت جىددىي رېمونت قىلىۋاتقان بىنادىن يەر كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. بەزى سودىگەرلەر بۇ بىنادا ئىش قىلمايمىز،دەپ جېدەل قىلغاچقا ھۆكۈمەت ئۇلارغا ئارتۇق پۇل بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پەسكويغا چۈشۈرۈپتۇ. دۇكانلىرى ئورنىغا نەچچىلىك پۇل بېرىدىغانلىقى ھازىرغىچە ئېنىقلاشماپتۇ. «رابىيە قادىر سودا سارىيى» دېگەن ئۇيغۇرچە ۋىۋىسكا شۇ پېتى تۇراتتى. خىتاي ساقچىلىرى بولسا سارايىنى جىددىي «قوغداۋاتاتتى». مەن ئۇ

يەرگە بارغىنىمدا، «بۇ بىنا ئەتە يىقىلىدۇ، ئۆگۈن يىقىلىدۇ، ئاينىڭ 5-دە يىقىلىدۇ» دەپ داۋراڭ سېلىنغان ئىدى، لېكىن ئۇ بىنا يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. بۇ ھەقتە خەلق قىزىقارلىق گەپلەرنى چىقارغىلى تۇردى. رابىيە قادىر خانىم بۇ بىنانى ئامېرىكىدا سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇپتىكەن، ئەگەر چېقىلىپ كەتسە ئامېرىكىدا 22 قەۋەتلىك رابىيە قادىر سودا سارىيى قۇرۇلىدىكەن... رابىيە قادىر سودا سارىيى چېقىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئورنىغا باغچا ياكى ھەربىي بازا قۇرىلىدىغانلىقىغا دائىر مىش-مىش خەۋەرلەرنىمۇ خەلق قىزىقارلىق قىلىپ دېگىلى تۇردى، «بۇ يەرگە نېمە سالسا سالسۇن بۇ جاينىڭ ئىسمى رابىيە قادىر باغچىسى ياكى رابىيە قادىر ھەربىي بازىسى دەپ ئاتىلىشى كېرەك، بولمىسا بىز قانداق بىلەلەيمىز بۇ يەرنى» دېگەندەك... ھازىر قاينام رېستورانىنىڭ ئاستىدا ھەربىي بازا قۇرۇلدى. ئەقىدە سودا مەركىزىدىكى مېھمانخانا ۋە رېستورانلارنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. ئۈستى قەۋەتلەردىكى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى كۆچۈپ كەتتىمۇ ياكى كەتمىدىمۇ بۇ ھەققىدە ئېنىق خەۋەر ئاڭلىمىدۇق. لېكىن بىر كۇۋادرات مېتىر جايغا 5500 سوم پۇل بېرىلگەنىنىڭ گېپى بار. بىراق يان تەرەپتىكى ئاشپۇزۇللار ۋە دۇكاندارلار كۆچۈپ كېتىشكە قارشى چىقىۋېتىپتۇ. دۆلەتنىڭ بېرىدىغان پۇلنى ئاز كۆرۈپ ھەر كۈنى دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا ساقلاۋاتقانلارمۇ بار. لېكىن ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى ئالدىغا سېلىنىۋاتقان تام پات يېقىندا ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىلىپ قويىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**تاموژنىدىن كىرىش ۋە چىقىش ھەققىدە**

مەن تاموژنىدىن ئۆتكەندە ئۇنچىۋالا جىددىي تەكشۈرۈشكە دۇچ كەلمىدىم، لېكىن تاموژنا ساقچىلىرى باشقا ئۇيغۇر يولۇچىلارنى «نېمە ئىش قىلىسەن، قەيەردە ئىشلەيسەن،قايسى كەسىپتە ئوقۇيسەن؟» دەپ سوراققا تارتىپ پاسپورتلىرىنى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپ، 20، 30 مىنۇت تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قولىغا بېرىۋاتىدۇ. ساقچىلار يەنە بېيجىڭ، شاڭخەيدىن كەلگەنلەرنىڭ يۈك تاقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۇلاردىن5-ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى سورىشىدۇ.

مېنىڭ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم. قالغىنىنى سىزمۇ ئويلاپ يېتەلەيسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش خەۋەرلەرنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچرىتالايسىز. مېنىڭ شەرقىي تۈركىستان تەسىراتلىرىم بۇلاردىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ۋەقە مەيلى خىتايلارغا بولمىسۇن مەيلى ئۇيغۇرلارغا بولمىسۇن ئېسىدىن چىقمىغۇدەك دەرىجىدە ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كەتتى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ. ھازىر پۈتكۈل ئائىلىلەر پەرزەنتلىرى مەكتەپكە كەتكەندە ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ تەتىل قىلىپ يۇرتلىرىغا قايتقاندا دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە مەجبۇرىي سىياسىي ئۆگىنىشكە قاتنىشىپ «رابىيە قادىر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز» دېگەن قۇرۇپ شوئارلارنى ئۆگىنىدۇ. جەمئىيەتتە 1-ئۆكتەبىردە يەنە ۋەقە چىقىدىغانلىقىغا دائىر مىش-مىش گەپلەر ھازىردىن باشلاپ تارقىلىپ يۈرمەكتە.

5-ئىيۇل كۈنى كوچىدىكى بالىلارمۇ خۇددى چوڭلارغا ئوخشاشلا قولىدىن كېلىشچە ھەرىكەت قىلدى. تېلېۋىزوردا مۇخبىرنىڭ 5-ئىيۇل كۈنى تۇتۇلۇپ كېتىپ 2 كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن 8 ياشلىق بىر بالىدىن «نېمە بولۇپ بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالدىڭ؟ دەپ

سورىغاندا، بالا «ئاكىلىرىم قاتنىشالماي قالدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا مەن قاتناشتىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابلاردىن نۇرغۇن نەرسىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. 11 ياشلىق بىر قىز بالا ئۆزىدىن چوڭلارغا تاش بېرىۋاتقاندا كامېراغا ئېلىنىپ قاپتۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ قىزنىمۇ ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئاڭلىشىمچە، بۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى كوچىدىكى خىتاي ئەسكەرلىرىگە 2 ھەپتىدەك تاماق توشۇپ، ساقچىلارغا پارا بېرىپ 20 كۈن ئىچىدە ئاران قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىپتۇ.